مۇھەممەتجان سەيدۇللا

# مەجنۇن ناخشىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

# مەجنۇن ناخشىسى

(شېئىرلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

痴情人的歌/穆罕麦提江·赛都拉著．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2005.3
ISBN 7-5373-1367-9

Ⅰ．痴… Ⅱ．穆… Ⅲ．诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 021664 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：拜合提亚尔·加苏尔

痴情人的歌
（诗歌）

作者：穆罕麦提江·赛都拉

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168 毫米　1/32 开本　5.75 印张　2 插页
2005 年 9 月第 1 版　2005 年 9 月第 1 次印刷
印数：1——4100　定价：10.00 元



# نەشرىياتتىن

ياش شائىر مۇھەممەتجان سەيدۇللا 1971 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ كاتايلاق يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1994 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ھازىرغا قەدەر ئاتۇش شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ، 1989 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «بىر ساۋاقدىشىمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ 300 پارچىغا يېقىن شېئىرى، ئون پارچىغا يېقىن ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن؛ بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان «كارۋان يولى بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى»دا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى كورلىدا چىقىدىغان «كروران» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «بوستاندا باھار» شېئىرىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە 50 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى»دە مۇنەۋۋەر ئاپتور بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

# مۇندەرىجە


سىنىلا تىلەپ... .................. 1
سالام كۆتىمەن .................. 2
مۇھەببەت .................. 3
سېغىنىش .................. 4
كىرپىكىمدە قېتىپ قالغان تامچە ياش .................. 6
ياشلىق تەزكىرەم .................. 7
نەگە كەتتىڭ، مەلىكەم .................. 8
كەچ كۈزدىكى ئاخىرقى كېچە .................. 9
كۆكلۈكنىڭ قاراڭغۇ روجەكلىرىدە... .................. 10
كۈتۈش .................. 12
ئون سەككىز ياش ناخشىسى .................. 13
دەريا ناخشا ئېيتماقتا يەنە .................. 14
ئەپۇ قىلغىن، ئەپۇ قىل مېنى .................. 15
چاچار ئىدى ئاي ئاسماندا يارقىن نۇر .................. 17
ھەسرەت .................. 19
قەدەھ قەسىدىسى .................. 21
قەلبىمدە سەن بار ئىدىڭ .................. 22
ئۈرۈمچى ئاخشىمى .................. 24
تەنھالىق لىرىكىسى .................. 25
قىسسە .................. 27
... غا .................. 28
سەھرالىق قىزچاق .................. 29

ئۆزۈمگە تېز سىزما ........................ 30
شۇ يىراق جەنۇبتا ........................ 31
بوۋاق ........................ 32
يۇرتۇم ........................ 33
تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ........................ 34
ياش ئۆلۈم ........................ 35
كىچىككىنە قۇش ئۆتىنگى زەر ئارال ........................ 36
كىيلەلمىدىڭ ئەجەبمۇ ........................ 37
باھار قوشىقى ........................ 38
خوشلىشىش ........................ 39
تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ........................ 40
ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرى ........................ 41
ئەقىدە مەرسىيىسى ........................ 42
قەدەھ ئالدىدا ........................ 43
قار ياغقان كېچە ........................ 45
مەكتۇپ ........................ 46
قۇش ۋە قۇش ئۇۋىسى ........................ 47
چۈچۈك ئەسلىمەم ........................ 48
ئايال ........................ 50
ئۆمۈرلۈك ئىستەلمە ........................ 51
ھىجران ........................ 52
سەھەر ........................ 54
كېچە ........................ 55
رەسىم ........................ 56
مۇھەببەت ........................ 57
جۇدالىق ناخشىسى ........................ 58
كۆز ........................ 59

قاۋاق ئالدىدا .................................. 60
ئاق تۇرنا .................................. 61
شەھەر باغچىسىدىكى فانتازىيە .................................. 62
يارا ئابىدىسى .................................. 63
كۈندۈز .................................. 64
نامراتلىق .................................. 66
ئۈتۈش سىزىقى .................................. 67
ئۇچرىشىپ قالساق.. .................................. 68
ئۈمىد تەبەسسۇمى .................................. 69
بوتۇلكا .................................. 70
سەن .................................. 71
تەقدىر .................................. 72
مەن بىلەتتىم .................................. 73
بىر تال يۇلتۇز .................................. 74
تەبىئەت .................................. 75
ساۋاقداشلار ئالبومىغا .................................. 76
سىيىت نوچى (II) .................................. 78
ئايرىلىش .................................. 79
سالام، دۆڭكۆۋرۈك .................................. 80
سۆيگۈ قوۋۇقى ئىچىدە .................................. 81
ئالدىراش ئادەملەر توپى .................................. 82
سۆيگۈ پەيتى .................................. 83
يېزىدىكى بوتكامدىن تەسىرات .................................. 84
يارنى سېغىنىش .................................. 85
مەيپۇرۇشقا دەيدىغانلىرىم .................................. 86
ئەندىشە .................................. 87
كېچە سائەت بولغاندۇ نەچچە .................................. 88

تېلېفون ........................ 89
خەت تاپشۇرۇۋېلىش ........................ 90
بىر كۈنلۈك بېھوشلۇق ........................ 91
كىشىلەر ئارا ........................ 92
تەقدىردىن ........................ 93
يامغۇرلۇق كۈن ........................ 94
ئۇچراشقان جايغا بېرىش ........................ 95
ئاھ، مەندەك قەدرىڭنى بىلمەيتتى ھېچكىم ........................ 96
ساراڭ ........................ 97
ئەتىگەن سائەت يەتتە ........................ 98
ئون بەش ياشلىق ئاننا ئاخماتوۋا ........................ 99
شېئىرلىرىمغا مونولوگ ........................ 100
كېچىدە يالغۇز شەھەر ئايلىنىش ........................ 101
قۇتلۇق كۈن ........................ 103
ئۈچ ئىنىم ........................ 105
قول ........................ 107
ئادەم ۋە ھايۋان ........................ 109
گاڭگىرىغان بالا ........................ 110
قارايمەن ھەممىگە مەستانە بولۇپ ........................ 112
قەلبىمدە ........................ 113
يامغۇردىكى مەجنۇنتال ........................ 114
مەن — پىرومېتى ........................ 115
كىتاب ئارقىلىق ........................ 116
يىگىرمە بەش ياش ........................ 117
قۇياش ........................ 118
ساۋاقداشلارغا ........................ 119
مەن يەنە... ........................ 120

ۋېلىسىپىت ئوغرىسى ........ 121
ئاتۇش شەھىرى ........ 122
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى........ 123
ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ........ 125
ئىنسانلىق سۆيگۈسى ........ 126
بىز ياشلار ........ 127
سەيلە قىلىش ........ 128
ۋىسالغا سېغىنىش ........ 129
خەير- خوش، مۇھەممەتجان سەيدۇللا........ 130
«يېڭى زېلاندىيىدىكى ئافىن دەرياسى» ........ 131
بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ........ 133
ئۆلۈم ........ 135
شېئىر قەسىدىسى ........ 136
چارشەنبە ........ 137
بەخت ........ 138
شەھەر، كۆز ئالدىمدا... ........ 139
ئىككى ئۇيغۇر ........ 140
ئاجىزلىق ........ 141
ئولتۇرىدۇ چال ........ 142
بىر تال يۇلتۇز بولۇپ قالسام دەپ ........ 143
بۇ كېچە ئۆلۈمدىن بولسا بىر خەۋەر ........ 144
مەن ياشايمەن ........ 145
كۈتۈش ........ 146
شەكىل ........ 147
ئازابلىق تانسا ........ 148
سەھرادا بىر كەچ ........ 149
تېلېفونلىشىش ........ 150

مېيىت ئۇزىتىش .......................... 151

ھېكىم نۇر .......................... 152

ئۆزلۈك .......................... 153

چۈشىنىش .......................... 154

بىر ياپراق... .......................... 156

ئۆيلەنگۈم بار سەھرا قىزىغا .......................... 157

قار قەسىدىسى .......................... 159

ساۋاقداشلار ئالبومى .......................... 161

بالىنىڭ كۆزى .......................... 163

بىز ھەممىمىز بىر دۇنيانىڭ ئادىمى .......................... 164

يامغۇردىن قېچىش .......................... 165

چۈشىنىش .......................... 166

ئېغىر ئەمگەك .......................... 167

پۇتۇم .......................... 168

سەنسىز قانداق ياشاي، ئەزىزىم .......................... 169

ھاياتتا بولسا بىر مەنە .......................... 171

ئۆي تۇتۇش .......................... 172

زېرىكىش .......................... 173

ئىشتىن چۈشتۈم .......................... 174

قۇشلار نەگە باراتتى، بالام .......................... 175

# سېنىلا تىلەپ...

غازاڭ كەبى سارغايدىم، دىلبەر،
شۇنچە يىللار ۋەسلىڭنى ئىزدەپ.
بىراق سەنمۇ يۈردۈڭ بىپەرۋا،
ئازاب تاشلاپ يەنە ھەسسىلەپ.

سەن ئۆتەرسەن ئاشۇ تەرزدە،
مېنى بىر كۈن ئۇنتۇپ كېتەر دەپ.
بىراق قەلبىم يول قويماس ئاڭا،
ئاھ، تەقدىردىن سېنىلا تىلەپ.

1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاتۇش



# سالام كۈتىمەن

پوچتىكەش ئۇ، پەقەت ئايدا بىر كېلۇر،
بىتاقەت بوپ سەندىن سالام كۈتىمەن.
ئۈمىدسىزلىك قەلبىم ئارا بىر غەليان،
گويا چەكسىز ھىجران ئىچرە غەليانىمەن.

تۈندە يۇلتۇز جىمىرلايدۇ ئاسماندا،
جانان، كۆزۈڭ قىسقىنىڭدەك كۆز قىسىپ.
پۇچىلىنار يۈرەك يەنە ئارماندا،
ئاي مارىسا دېرىزىگە يۈز يېقىپ...

شۇڭا يوللا سالىمىڭنى ئەي جانان،
ئاي، يۇلتۇزغا ئويۇپ قويغىن كەشتىلەپ.
سېغىنغاندا يۈرەك سېنى شۇ ھامان،
نۇرى بىلەن تۆكۈۋەتسۇن دەستىلەپ.

1989 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



## مۇھەببەت

شىۋاق باسقان يالغۇز ئاياغ يول،
ئۇ تۇنجۇققان سۆيگۈگە گۇۋاھ.
بۇلۇت ئارا مارار تولۇن ئاي،
نۇرلىرىمۇ شۇ قەدەر غۇۋا.

ئاشۇ يولدا يۈرگەنچە مىسكىن،
يىگىت كېلەر ئېغىر ئۇھسىنىپ.
ھەم ئېيتىدۇ تونۇش ناخشىنى،
لېكىن شۇ قىز كەتكەن ئۇنتۇلۇپ.

1990 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، غۇلجا



# سېغىنىش

قەلىمىڭنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ تۈندە،
ئاھ، يازماق بولغاندا سالام خەت ماڭا.
ھەر كۈنى ئۈچرىشار ئاشۇ پەيت ھەم،
بىلمىدىم قالدىڭمۇ ئېغىر سەۋداغا.

بۇ ياقتىن سەپەرگە چىققان شاماللار،
گەر مېنىڭ ھىدىمنى بارغاندا ئېلىپ؛
ئۆكۈنۈش ئىچىدە قويامسەن ھىدلاپ،
شۇ ئىزگۈ قەلبىڭدىن بىر ئېغىر تىنىپ؟

مەن ساڭا ھەدىيە قىلغان خاتىرە
بېرەمدۇ كەچمىشتىن چۆچەكلەر توقۇپ؟
تىڭشامسەن دىلبىرىم ياش ئېلىپ كۆزگە،
ئېشىكىڭ ئالدىدا غەمكىن ئولتۇرۇپ؟

غايىبتىن بىر تىۋىش كەلگەندە گاھى،
سىرتتىن بىر ناخشا قالساڭ سەن ئاڭلاپ.
تىۋىشىم، ئۈنۈمگە ئوخشىتىپ ئۇنى،
چىققاندا ئۈمتۈلۈپ قويامسەن تىللاپ؟...

قايغۇرما دىلبىرىم، تەشەككۈر ساڭا،
چىدىدىم شۇ قەدەر، سەن ھەم مەن كەبى.

ھەقىقىي مۇھەببەت نەقەدەر ئۇلۇغ،
ئاھ، ئۇنىڭ ھىجرانى قانداق ئەسەبىي.

1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، غۇلجا



# كىرپىكىمدە قېتىپ قالغان تامچە ياش

ئايىغىمدا شۇئىرلايدۇ غازاڭلار،
بۇ پەسىلنىڭ كۈيىمكىن شۇنچە پەس.
ئاھ، ئەقىدەم مېنى شۇنداق سوراقلار،
سەن بىۋاپا، سەن رەھىمسىز، بولدى بەس!

كىرپىكىمدە قېتىپ قالغان تامچە ياش—
ئاسىي دىلىم ئىسيانىدۇر ئېھتىمال.
ئاھ، شۇ قەدەر زەئىپ سوقار يۈرىكىم،
غەمكىن كۆڭلۈم يەنە سەنچۈن بولدى لال.

سۆيگۈمىزگە گۇۋاھ بۇلاق بويىغا
سۈكۈت ئىچرە غەمكىن بېرىپ تىزلاندىم.
كۆز ئالدىمدا ئاشۇ يارقىن ئەسلىمە،
ياق، مەن دوزاخ ئىچرە يالغۇز قىينالدىم.

سەلكىن شامال كېزەر كەچكى دالىدا،
نە سەلكىن ئۇ، جىسمىم دوزاخ ئىلكىدە.
مەن چاقىردىم تەكرار- تەكرار ئىسمىڭنى،
ئەكس سادا، ئۆزگە يوقتۇر ھېچنېمە.

1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# ياشلىق تەزكىرەم

چاقماق كەبى بىرلا چېقىپ يوقالغان نىگاھ
قانداق قىلىپ دىلدا سۆيگۈ قىلدىڭ ئىختىرا؟
باھارسىمان تىۋىشلىرىڭ ئويغاق ئېڭىمدا،
تولۇن ئايدەك جامالىڭغا بولدۇم بىقارار...

غالجىر ئۈششۈك گۈل بەرگىنى تىترەتكەن كەبى،
غەم- غۇسسە يوق بەرگىلەرگە ياماشتى قىرو.
ئاھ، بىۋاقىت سارغايدىمۇ ئۆمۈر دەرىخىم؟
يىلتىزىغا كۆك تاش سىلىپ قويغاندەك بىراۋ.

بىر چاغلاردا ئېيتىپ يۈرگەن ئوتلۇق كۈيلىرىم،
ئۇزاق بولدى ئىلھامىم يوق، ئۇنتۇدۇم ئەمدى.
بەردەم تەننى مۇردا قىلغان دەردلىك تۇيغۇمنى
تاراشلايدۇ شىۋىرغانىڭ ئاچچىق ئازابى.

ئىزدىمەيمەن داللاردىن ئەمدى شىۋىرلاش،
تۇنجۇققىن بەس، قەلبىمدىكى ئەي گۈزەل جانان.
بولۇپ قالدىم كۆپتىن بېرى سەندەك باغرى تاش،
ۋۇجۇدۇمدىن تۇغۇلماقتا يېپيېڭى ئارمان.

1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاتۇش

## نەگە كەتتىڭ، مەلىكەم

يىغلاڭغۇ كۈي كۈيلەپ يۈرەر ئاھ
دالا كېزىپ يۈرگەن شاماللار.
كەچمىشلەردىن سۆزلەيدۇ چۆچەك
ھەربىر گىياھ، كۆكتە يۇلتۇزلار.

بىزگە تونۇش ئورمان قىرىدىن
ئۆچۈپ قاپتۇ ئاداققى جۈپ ئىز.
ۋەدىلەرگە گۇۋاھ تولۇن ئاي
بۇلۇت ئىچرە ئۈزمەكتە نۇرسىز.

ساھىللارنى باسقان بىر قايغۇ،
دەريالاردا ئالەمچە مۇڭ ھەم.
تۈن باغرىدا يېگانە ناخشام،
نەگە كەتتىڭ، مېنىڭ مەلىكەم؟

1990 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# كەچ كۆزدىكى ئاخىرقى كېچە

ئۆپۈقتا سوزۇلغان تونۇش چىغىر يول،
بىلىسەن بىر ئۇچى ئۆيۈڭگە تۇتاش.
بۇ يولنى چىم قاپلاپ كېتىپتۇ بۈگۈن،
جىيەكلەر تاشلايدۇ مۇزدەك يېتىرقاش.

قۇرۇغان ياپراقلار تۆكمەيدۇ ناۋا،
كۆزنەكتىن باقمايسەن مەن سۆيگەن ئاھۇ.
ئاھ، بۈگۈن مۇڭلىنىپ ياتىدۇ دالا،
قەلبىمدە بىر بوشلۇق تۈندەك قاراڭغۇ.

كەچمىشلەر ئېسىمگە بەرمەيدۇ ئارام،
مۇجۇيدۇ قەلبىمنى ئاچچىق بىر تىترەك.
باقمەن، يۇلتۇزسىز كېچە ئاسمىنى،
پىچىرلاش بەرمەس ھەم ئاشۇ ئاق تېرەك.

بار پەقەت جىسمىمدا سوغۇق شىۋىرغان،
جۇدالىق قىينىغان تەنھا قەلبىم ھەم.
ئاھ، مېنى ھەر كويغا سالدى بۇ ھىجران،
ئۇنتۇلۇپ كەتتىڭمۇ تامام پەرىشتەم؟

1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# كۆڭلۈڭنىڭ قاراڭغۇ روجەكلىرىدە...

ئاھ، تاتلىق پىچىرلاش، ئوتلۇق تىنىقلار،
ئىنتىزار بولاتتۇق ئۇچراشماق بولۇپ.
چېھرىڭنى قىزغىنار ئىدىم ھەممىدىن،
تۈن ئىچرە ئاي كەبى چىقساڭ نۇرلىنىپ.

بەختىن مەست بولار ئىدى بۇ زېمىن،
باغرىدا ئېچىلغان كەبى جۈپ چۇغلۇق.
يېنىمغا كېلەتتىڭ، ئېيتاتتىڭ ئاستا:
«ئانامنى ئالدىشىم بولدى ئۇتۇقلۇق».

ئىشەندىم بولغانىغا بۈگۈن قىيامەت،
مۇھەببەت كۆكىنى يالماپ شۇم بۇلۇت.
ۋىسالىڭ دەملىرى شۇ قەدەر چەكسىز
بولسىمۇ، ئاھ، ۋەيران ئەتتى بىر مىنۇت.

بۇ ئاچچىق زەربىدىن تىترەپ تېنىم،
ھاياتتا تۇنجى رەت تۆكتۈم تامچە ياش.
ئايرىلدىڭ، قايرىلدىڭ كونا دوقمۇشتىن،
يىتتى ئاي، يۇلتۇزلار، ھەتتا شۇ قۇياش.

سەن ئەتە ئويلىساڭ مۇشۇ كەچمىشنى،
كىشەنلەر قەلبىڭنى ئاچچىق ئىزتىراپ.

ئولتۇرساڭ باشقىنىڭ كۆزىگە قاراپ،
كۆڭلۈڭنىڭ قاراڭغۇ روجەكلىرىدە،
يانارمەن چىراغ بوپ خىرە پىلىلداپ.

1990 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاتۇش



# كۈتۈش

ئېيتار سۆيگۈ ناخشىسى شوخ دولقۇنلار ئەركىلەپ،
نەمخۇش دەريا ساھىلى جېنىم بىزنى كۈتمەكتە.
ئۇزاق، ئۇزاق جىمجىتلىق يۈرىكىمنى لەختىلەپ،
مېنىڭ خىيال گۈلۈمنى يوچۇن تىۋىش ئۆپمەكتە.

ئەنجان تېمىدىن تۆكۈلگەن شۇر- شۇر قۇملار كۈيىدەك،
نەپەس يولۇم قەدەمدە بوغۇق، ئۈزۈك ئالار تىن.
تىۋىشىڭدىن سادا يوق، سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك،
نېچۈن بۈگۈن تولۇن ئاي نۇر تۆكمەيدۇ پەلەكتىن؟!

ھال رەڭ پەردە تارتىلغان، ھەم ئېتىلگەن دېرىزە،
قايرىيالماس پەردەگىنى شاماللارمۇ كۈچىنىپ.
غەمسىز ئۆتەر سېكۇنت - سائەتلەر شۇ تەرزدە،
پەقەت مەنلا غەم يەيمەن نەم توپىدا يۈكۈنۈپ.

بېسىپ چۈشەر ئېرەنسىز ئۇنى دەريا شاۋقۇنى،
مەن ئېيتىمەن ناخشامنى يار قۇلىقىڭغا يەتسۇن دەپ.
يەردىن شىپ- شىپ ئاڭلىنىپ تارتقانچە دىل مەيلىنى،
ئىشىكلىرىڭ غىچىرلاپ ئۇندىن سادا كەلسۇن دەپ.

1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى

## ئون سەككىز ياش ناخشىسى

دەپ «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» چۇرقىرايدۇ باللار،
تىزىلىپ ھەم ئىككى رەت، «بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟»
قوشۇلۇپ مەن ئۇلارغا ئوينار ئىدىم شاد ـ خۇرام،
بۈگۈن غەمكىن بىر ھالدا سوقار ئىدى بۇ يۈرەك.

مۆكىمۆكىلەڭ ئويناشنى خالىمايمەن زادىلا،
باللارنىڭ ئويۇنى سوغ تاشلىنار كۆزۈمگە.
توزۇغانمۇ باللىق چېچەكلىرىم توزغاقتەك،
نېمە بولدى پەقەتلا ئوخشىمايمەن ئۆزۈمگە.

ئايان بولدى قايسى كۈن پەرەڭ ياغلىق ئالدىمدا،
دولقۇن چاچار كۆزۈمدە مەيىنگىنە سىلكىنىپ.
باللىقنى چۈشەشمۇ يات بولۇپتۇ چۈشۈمگە،
چۈشۈم كېلەر بوينۇمغا ماموق قوللار ئېسىلىپ.

ئەمدى ئېيتقان ناخشامنىڭ تېكىستلىرى ئۆزگەرگەن،
ئاھاڭلىرى ئورنىغا غەيرىي ئاھاڭ ئالماشقان.
زىكرى قىلار بۇ سۆزنى تىلىم، دىلىم نەچچە رەت،
«بۈرنى قانداق چىرايلىق، ئاغزى ئەجەب قاملاشقان».

1990 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# دەريا ناخشا ئېيتماقتا يەنە

مانانلار قويىنغا ئورالغان ئۆپۈق،
بىر ئاچچىق ئازابقا بولغاندەك نائىل.
مۇڭلىنىپ، مۇڭلىنىپ ياش تۆكەر ئاسمان،
ياشلاردىن نەملىنەر قۇمساڭغۇ ساھىل.

ئاھ، دەھشەت غەليانمۇ ۋە ياكى قىيان؟
شاماللار زەربىدە ئۇرۇلغان تاشقا.
ياق، بۇژغۇن چاچرىتىپ، چاچرىتىپ دەريا،
ياق، سۆيگۈ ناخشىسى ئېيتماقتا ئاستا.

يەلپۈنگەن شىۋاقلار ساھىلدا لەرزان،
چاڭ باسقان سۆيگۈدىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
بىلمەيسەن قىيامەت دېگەن ئاشۇ شۇ،
ئاشىقنىڭ قەلبىنى ھىجران كېپ ئۆپسە.

كەل، دەريا ناخشىلار ئېيتماقتا يەنە،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۆزگىچە ئاھاڭ.
كۈتمەكتە يار سېنى ئېچىپ قويىنىنى،
قىيا تاش ئۈستىدە تەنھا لىرىكاڭ.

1990 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# ئەپۇ قىلغىن، ئەپۇ قىل مېنى

ئەپۇ قىلغىن، ئەپۇ قىل مېنى،
ناخشام ئىدىڭ ئۇزۇندىن- ئۇزۇن.
سېنى تېخى ئۇنتۇپ كەتمىدىم،
ساڭا دىلدا بار مەڭگۈ ئورۇن.

بەخت قۇشى قونغان بېشىمغا،
كەلدى ئەمدى ھىجران سىنىقى.
ئۆزگىلەرنىڭ قاتقان كۆيىگە
سىڭدىڭمۇ سەن بولۇپ ئەبەدىي؟

ۋەيا ئۇزاق ئايدىڭ تۈنلىرى
شۇ بىر جايدا كۈتۈپ ئاھ، مېنى.
ھەمراھ بولغان سايەڭگە قاراپ
تۆكتۈڭمۇ سەن كۆز ياشلىرىڭنى؟

نەۋاقلاردا مۇزلىغان تېنىم،
بىر مۇردىمەن چىققان لەھەتتىن.
قانداق ئاسان پۈتسۇن بۇ ھايات،
كۆڭۈل ئىزدەپ دائىم قەدەھتىن؟

بۇ ھاياتتا سۆيگۈدىن ئۇلۇغ
ئاھ، ھېچنېمە يوق ئىكەن ئەسلا.

كەلگىن جىنىم، بىر جۈپ گۈل بولۇپ
ئېچىلايلى چىمەنزار ئارا.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# چاچار ئىدى ئاي ئاسماندا يارقىن نۇر

قېنىشمىدى ئېچىرقىغان تۇيغۇلار،
قايتىپ كەتمەك بولساڭ يەنە بۈگۈنمۇ.
نېچۈن شۇنداق قويۇۋەتتىم ئاسانلا،
شۇ ئاناڭنىڭ چاقىرغىنى ئۈچۈنمۇ؟

ياق، ئەزىزىم، بىلەلمىدىڭ سىرىمنى،
بىر چاقچاقنى يوشۇرسىمۇ كۆزلىرىم.
چېچەن ئىدىڭ، ئەمما پەرۋا قىلمىدىڭ
كۈلكە ئارىلاش ئېيتىلسىمۇ سۆزلىرىم.

چاچلىرىڭنى تۈزىگەنچە خوش دېدىڭ،
سوئال- سوراق كۈتۈپ تۇرغاچ ئاناڭدا.
كۆڭلىدە مەيۈس قالار ئىدىم پەرىشان،
نېچۈن بۈگۈن كۈلۈپ قالدىم ئارقاڭدا.

چاچار ئىدى ئاي ئاسماندا يارقىن نۇر،
ئالدىراپلا كېتىپ قالدىڭ ناھايەت.
بىراق مەنچۇ، كېتەلمەيمەن ئالدىراپ،
بەلكىم تەشۋىش يېيىشىمۇ بىھاجەت.

يىرىم سائەت ئۆتمەي يەنە كېلىسەن،
بۇ ئەمەستۇر ئورۇنسىزلا پەرىزىم.

بىز چىرماشقان يېشىل چىمەن ئۈستىگە
چۈشۈپ قالدى بىر جۈپ ھالقاڭ ئەزىزىم...

1991 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاتۇش



# ھەسرەت

سەن ياندىشقان گەۋدەم بۈگۈن كېپەنسىز جەسەت،
تەنها تاپان ئىزلىرىمنى سۆيمەكتە بۇ يول.
ئازاب ئىچرە، ئۆلۈمگىمۇ بولدۇم بىپىسەنت،
كىم مەن بىلەن بىللە ئۆلەر تۇتۇشقانچە قول؟

نەلەردىدۇر مىسكىن ئۈندە ئۈنلەيدۇ گىتار،
پەقەت مەندەك ساراڭ يۈرەر يولدا تۈن ئارا.
سەنچۇ، نىكەم تاتلىق چۈشلەر كۆرگەنسەن ئەركەم،
ئاھ، مەن تەنها، كۆزۈمدە ياش، بۇ قەلبىم يارا...

بىر جۈپ كۆزۈم دېرىزەڭگە تۇرار تىكىلىپ،
گويا ھەممە ئۆلگەن مەندە ھەسرەتتىن بۆلەك.
قېنى شۇ كەچ، قېنى سۆيگۈ، قېنى شۇ ۋەدە؟
قېنى ئاشۇ چىڭگىلىكتەك چىرماشقان بىلەك؟!

يۈرىكىم ئۇ دېڭىز ئىچرە ھارغىن بىر قولۋاق،
ئۇندا پالاق، ئۇندا يەلكەن سۇنغاندۇر نىكەم.
ئەمدى كەتسەم مەنمۇ سەندەك ياشىيمەن مەغرۇر،
قاچانغىچە تارتىپ يۈرەي دەردىڭنى ئەركەم.

بۇ سۆيگۈمنى، چىن ئاھىمنى بىلمىسەڭ ۋاپا،
كىم بولاركىن سېنى مەندەك چىن سۆيۈپ باققان؟

بەلكىم مەڭگۈ ئۈنتۇش ئۇچۇن چېكەرمەن ھەسرەت،
بەلكىم مەڭگۈ پۇشايماندۇر قەلبىمدە ياتقان.

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# قەدەھ قەسىدىسى

سوغۇق تېگىپ ئۈششۈپ قالسا پۇت، قوللار ئەگەر،
سوغ سۇ ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ئالاركەن شۇنداق.
دىلبەر كېتىپ قەدەھ بىزگە بولسا ئاھ، دىلبەر،
بىز كۆتۈرسەك يەنە قىزلار قىلاركەن مازاق.

رەنجىمەيلى ئۇ قىزلاردىن، رەنجىش بىهاجەت،
مىڭ پەرىزات رومكىلاردا يۈرمەمدۇ لەيلەپ!
پىراق قىيناپ نەچچە كۆڭلەك يىرتتۇق ناهايەت،
ئازاب ئىچرە شۇ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇق ئەپلەپ.

قويە دوستۇم، قەدەھلەرنى لىقلاپ قويۇپ بەر،
قويالمساڭ يەرگە پۈكۈپ قويغىن تىزلارنى.
«سۆز تاشلىسام ئۈندىمىدى ئاشۇ بەچچىغەر»
دەپ، لەنەتكە كۆمۈپ يۈرمە ئەمدى قىزلارنى.

ھەربىر قەدەھ بوشتىلسۇن دەردلىك تەرزدە،
تا يەتكۈچە مەززىلىك شاراب تىرناق ئۇچىغا.
ئىسقىرتىپ جاڭجاللاشساق بۇمۇ بىر مەززە،
تۈن دىلبىرى ئولجا ئىزدەپ چىقسا كوچىغا.

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# قەلبىمدە سەن بار ئىدىڭ

ئايرىلىش خېتىڭنى تۇتۇپ قولۇمدا،
شۇ شېرىن كەچمىشكە تاشلىسام نەزەر.
جەسەتلەر پۇتلىشىپ ئوڭ ۋە سولۇمدا،
سېزىمەن ئۆزۈمنى دوزاخقا قەدەر.

چۈش كۆرەر ئاھ، ھىجران ئىسكەنجىسىدە
بىر چاغلار كۆكسۈمگە پاتمىغان يۈرەك.
ھاياتلىق ئۆلۈمدەك سېزىلگەن دەمدە
ئاداققى بىر تىنىق كىم ئۈچۈن كېرەك؟

مەن كەبى ئازابنىڭ ئىلمەك شېخىغا
ئېسىلساڭ سېزەمسەن ئېيتە سۆيۈنۈش؟
يۈرەكنى سانجىدىم سۆيگۈ مىخىغا،
سۆيۈش يوق مېنىڭدە ھەمدە سۆيۈلۈش.

مىڭ بىرى دوقۇردى قەلب ئۆيۈمگە،
ئۆڭۈشتى... نە قىلسۇن ئۇندا تەنھالىق؟
بۇ مېنىڭ قەلبىمدە سەن بار ئىدىڭ، سەن،
تىلەيتتىم ھەر جايدا ساڭا ئامانلىق.

ھاياتمەن، ھاياتتىن دېرەك يوق ئەمما،
ھايات، ئۇ تېنىمدە پۈتمەكتە بۇئان.

مۇھەببەت ھاياتنى بېرەركەن، توۋا،
ئۇ يەنە ھەممىنى قىلاركەن ۋەيران.

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# ئۈرۈمچى ئاخشىمى

شەپەققە قارا تون ياپقاندا گۈگۈم،
پىنهانلار سۆيگۈگە باش قويىدى شۇ دەم.
يەنىلا تەنهالىق مەن ئۈچۈن ئۈدۈم،
تۈرىمەن شۇندىمۇ تەمكىن، خاتىرجەم.

سوزۇلغان ئالدىمدا جەنۇب يوللىرى،
ئېھتىمال ئۇندىمۇ قارايدى شەپەق.
پۇلاڭلار بوشلۇقتا جانان قوللىرى،
ئامان بول دەپ مېنى، ئامان بول ئەبەد.

بىلىمەن ئۇندىمۇ ئاي چىقار ھېلى،
ئايانكى زېمىننى سۆيەر نۇرلىرى.
مەن تامان تەلمۈرەر ئاي يۈزلۈك دىلبەر،
تىترەيدۇ ۋۇجۇدى، تىترەر لەۋلىرى.

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# تەنھالىق لىرىكىسى

ئامانمۇ سەن يىراقتىكى چىرايلىق گۈلۈم؟
تاڭ سەھەردە مەن تەرەپتىن بالقىمدۇ قۇياش؟
ئېيتىپ بەرگىن يالتىرامدۇ تال ـ تال نۇرىدا،
ھەربىر گىياھ چانىقىدا تامچە ـ تامچە ياش؟

كۆكتە يۇلتۇز كۆرۈنمەيدۇ، ئايمۇ بەك خىرە،
ئاھ، تۇمانلىق بىر شەھەر بۇ غوۋغاغا تولغان.
ئەمما، قىزلار بىر ـ بىرىدىن گۈزەلدۇر شۇنچە،
بەلكىم ئەخمەق يىگىتتۇرمەن سەنچۇن قايغۇرغان.

ئۆتۈپ كېتەر جىسمى تۆمۈر ئۇچقۇر ئاياغلار،
ماگنىتسىمان قەدىمىمنى تارتىپ يول ئارا.
ئۆلۈۋېلىش خىيالىمدىن كەتمەيدۇ نېچۈن؟
نېچۈن سېنى سۆيگەندىمەن، ئىسىت، بىۋاپا.

قاراڭغۇلۇق باستى كېلىپ ئالەمنى نىكەم،
قانداق ئۆمرۈم پۈتەر مۇنچە ئېغىر غەم ـ دەردتە؟
قانات سىرىپ ئۇچۇپ كەلدىڭ ئۆزۈڭ قۇش بولۇپ،
ياق، سەن ئۇچۇپ كەتتىڭ، قالدىم يەنە ھەسرەتتە.

تەنھا قەدەھ سۈرۈلمەكتە ئالدىمغا بۇ دەم،
زەھەر كەبى ئاچچىق تۇزغا مىلىنەر يۈرەك.

ھەمراھ بولماق بولدۇم ئۆزۈم- ئۆزۈمگە بىردەم،
بۇندا يەنە ئۈلپىتىم يوق ئۆزۈمدىن بۆلەك.

1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# قىسسە

چۈشلىرىمدە ئاقۇچ ئېقىن بار،
ئاقۇچ كەتكەن سامانيولىدەك.
چوپان نېيى ئۈنلەيدۇ تەكرار،
كەڭلىكلەرنى باسقاندا مۈگدەك.

چۈش قوينىغا سىڭگەندە دۇنيا،
رېئاللىقتىن يىراق، بەك يىراق.
تۆكۈلمەيدۇ نۇرلارمۇ ئەمما،
قومۇشلۇقنى قاپلايدۇ توزغاق.

ئۈچۈپ كەتكەن قاناتسىز ۋىناس،
ئاشۇ جايدا تۈنەيدۇ تەستە.
سىر يوشۇرسا گۈگۈملار تىمتاس،
كۈلۈپ كېلەر جادۇگەر قەستتە.

1991 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاتۇش



# غا ...

ئېقىن بويلاپ ئۆسكەن مەجنۇنتال،
تال تۈۋىدە ئۈجمە سايىسى.
ئاي بولۇتقا يېقىلغان ئاخشام،
ئىزدىگىنىم راستتۇر يار سېنى.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن ئەنە
غىڭشىپ بوشقىنە
سۇ ياقىلاپ ئۆتۈپ كەتتى چال...
بۈگۈن كېچە
پەقەت بۇ كېچە،
چېكەلمەيمەن كەچۈرگىن پەنجىر.
سورىماپتىمەن،
قاچىمەن نەگە؟
غالجىر ئىتىڭ ئۈزگەندە زەنجىر.

1991 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاتۇش



# سەھرالىق قىزچاق

يىراقتىكى شورلۇق تۇپراقنىڭ
شۇ كاتاڭلىق ھارۋا يولىدا
كېتىۋاتىسەن،
ئېتىكىڭدە تۆت تاللا تەمەچ،
زىبا بويۇڭ بىرئاز ئېگىلگەن،
قېشىڭ ئۇچار قارلىغاچ پېيىدەك،
كېتىۋاتىسەن،
يول بويىدا قويۇق جىگدىلىك،
كۆتۈۋالدى بىردەملىك سېنى.
ئېيتە، نېچۈن خۇمارلاشتى كۆز،
ۋە نېمىگە بولدۇڭ ئىنتىزار؟
كېتىۋاتىسەن،
كۆيدۈرگۈچى قۇياش نۇرىدا
پېشانەڭدىن قۇيۇلدۇ تەر،
سەھرادىكى ئۇياتچان قىزچاق،
بىلىپ- بىلمەي ئېيتقان ناخشاڭدا،
مېنىڭ ئىسمىم بارمۇ ئويلاپ باق؟

1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاتۇش

## ئۈزۈمگە تېز سىزما

ئۈششۈك سوققان يالقۇن يۈرىكىم،
ھاياتىڭنى چۈشەمسەن بۇدەم.
يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان
ئەي ئۈمىدۋار، ئويچان كۆزۈم ھەم.

سەۋداغىلا ئوخشايسەن تۇرقۇم،
مەۋجۇتلۇقۇڭ ئاشۇلا پەقەت.
گەر كۈلكەڭگە ئۆكۈنمەك بولساڭ،
مەست ساقىيدىن شاراب ئىچ ئەبەد.

بەخت تىلەپ كەلدىڭ ھاياتقا،
يۇلتۇزۇڭنى چاقنىتار ئاسمان.
ئۆلۈپ كەتسەڭ، بىلەرمۇ بىر كىم،
كىم قاتۇرار قەبرەڭنى شۇ ئان...

1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاتۇش



# شۇ يىراق جەنۇبتا...

«شۇ يىراق جەنۇبتا بىر قىز بار شۇنداق»،
ئۇ شۇنچە كۆلگۈنچەك، شۇ قەدەر تېتىك.
توپىلىق يوللاردا تاشلىسا قەدەم،
زىلۋا، ئۆز گەۋدىسى چايقىلار يېنىك.

ئۇ ئەسلى تۇغۇلغان يىراق سەھرادا،
ياشايدۇ ھازىرمۇ سەھرالىق بولۇپ.
تاڭسىمان چېھرىگە ئاقىدۇ تاڭلار،
يۇلتۇزلار كۆزىدىن باتنار خۇرسىنىپ.

تۇم قارا چاچلىرى ئۆرنەك تۈنلەرگە،
تولۇن ئاي شۇ تەندە بالقىيدۇ دەپ بىل.
ئۇ گويا سەنەمنىڭ تىرىك ھەيكىلى،
ۋە پەقەت بىر ماڭا يارالغان ۋەسىل.

1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# بوۋاق

زىنقىڭدا كۈلمەكتە بەخت،
ئاناڭ ساڭا قارايدۇ تويماي.
ياق، سەن يىغلا، يىغلا بالىجان،
بار يىغاڭنى يىغلىۋال قويماي.

سەندە يىغا پۈتكۈسى تامام،
بۇ ئۆمرۈڭدە تۆكمىگەيسەن ياش.
سەن بىلمەيسەن، سەنچۈنمۇ بىر كۈن،
تاش مامۇقتۇر، پاختا بولۇر تاش.

سەن بىلمەيسەن ئۇشبۇ ھاياتتا
سېنى قانداق بىر تەقدىر كۈتەر.
بار ھەر كىمگە ئاخىر بىر ئۆلۈم،
كۆپ كۈنلەر بار ئۆلۈمدىن بەتتەر.

مەن سەن بولماق بولغان بۇ پەيت،
يىگىتلىكتىن قالغىن بىخەۋەر.
سەن بىلمەيسەن... يىگنە قۇلىقىدىن
كارۋان تارتىپ ئۆتكەنگە قەدەر.

1991 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# يۇرتۇم

زەر قۇياش بىئارمان سۆيگەن تاغلاردىن
تاڭ نۇرى سىن چايقار سۇزۇك چېھرىگدە.
پەرىزات قوينۇمدا ياتقان چۇشلەرنى
مىڭ مەرتە تاشلايمەن بىر رەت ۋەسلىگگە.

توختىماي كۈي كۈيلە دولقۇن مەۋجىدە،
ئەي مېنىڭ ناخشامنى ياراتقان ماكان.
بۇركۇتلەر پەرۋازى كېلەر يىراقتىن،
يۇلتۇزلار بوينۇڭغا چىڭ گىرە سالغان.

سەن پەرى ئۇخلىغان، خىزىر ياتقان جاي،
ھەر چىمدىم توپاگدا مىڭ كۈي ئەۋجى بار.
ھەربىر تۈپ گىياھتىن كۆكلەيدۇ ئارمان،
ھەر دەريا قوينىدا ئاتەش ئېقىنلار.

1991 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۇرۇمچى



## تۇغۇلغان كۈنۈڭگە

سۆيۈپ قويغىن مېنى مەلىكەم،
باتناپ، قاقشاپ تاشماقتا سەۋرەم.
ئۇشبۇ قۇتلۇق، شادلىق كۈنۈڭدە
بولالمىدىم يېنىڭدا بىردەم.

تەقدىر نېچۈن رەھىمسىز مۇنچە،
مەن نەقەدەر غېرىب بىچارە.
ئىككى پۈكلەپ پوچتىدىن پەقەت
سالالىدىم ئاددىي ئىبارە.

ئۇچۇپ كەتتى تۇرنىلار قاتار،
تەبرىك ئېلىپ ساڭا ھەر بىرى.
فارفور جامغا يېشىڭنى ئېلىپ،
سوراپ ئالغىن ئۇلاردىن مېنى.

1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# ياش ئۆلۈم

كەتتى قۇشلار، كەلدى يەنە نەچچە رەت،
باھار بىلەن سۆيۈشكەندە كۆك ئاسمان.
ھەسرەتلىرى سىرغىپ چۈشەر كەچ كۈزنىڭ،
بۇ بىر كەپە تىمى ئۇنىڭ قىيسايغان.

ئىشىك ئالدى شىلدىر- شىلدىر ئېقىن سۇ،
سۆيەلمەيدۇ غەم- قايغۇدىن بۆلەكنى.
نىمجان بوۋاي ياتار يېرىم ئۇيقۇدا،
ئۇنتۇپ كەتكەن كەبى ئىسسىق تۆشەكنى.

ھاياتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىمە
باش ئۈستىدە چاقماق بولۇپ چاراقلار.
ئاھ، ئەجەبا دادىمۇ بۇ پەلەكنىڭ،
سۇس پىلدىرلار يانغان ئاشۇ قاراقلار.

تۈگۈلۈكىدىن سىرغىپ چۈشكەن نۇر- ئېقىن،
ئەندىشە سالار ياستۇق ئۆزرە جىلمىيىپ.
ئەزەلدىنلا شۇنداق ئىكەن بۇ دۇنيا،
ياش چىنارلار كەتسە ئەگەر ئۆرۈلۈپ...

1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# كىچىككىنە قۇش ئۆتىڭى زەر ئارال

كىملەر كەلدى، كىملەر كەتتى بۇ يەردىن،
دوقۇرغىنى قايسى ئىشىك، دېرىزە.
جىلغىلاردا ئەگىز ئاققان دەمدىمۇ
كۈز غازىڭى سىرغىپ چۈشەر بەزىدە.

قۇياش، ئاينى، يۇلتۇزلارنىڭ بارىنى
بەلكىم سەنمۇ سۆيەلمەيسەن مېنىڭدەك.
كۈي ئەللىيى ئۆلۈپ قالدى تۈن تەگدە
ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ئوخشاش غۇژمەك.

گويا بۇندا ئورمانلارنىڭ ئىچىدىن
بىر نۇقتىغا سىلجىپ ئۆتسە بىر نۇقتا؛
ھېس چايقىشىڭ دولقۇنسىمان بولدىيۇ،
يىتىپ كەتتى تىۋىشلىرىڭ بەك ئاستا.

كىچىككىنە قۇش ئۆتىڭى، زەر ئارال،
مەۋجۇتلۇقۇڭ غايىب بولدى بىر پەستە.
بولالمىدىڭ ماڭا مەھبۇب، ماڭا يار،
سايە تاشلاپ ياشاپ كەلدىڭ ھەسرەتتە.

1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# كېلەلمىدىڭ ئەجەبمۇ

مەن كەلگەندە كېلەلمىدىڭ ئەجەبمۇ،
ئەي بوتا كۆز، جانغا جاپا قەلەمقاش.
زەپ چىرايلىق كەچكى دەريا ساھىلى،
مېنى تەنها كۈتەلمىگەن قىيا تاش.

ياندى يۇلتۇز زىننىقىڭدەك جىلمىيىپ،
يەنە تېخى كۈلۈپ چىقار تولۇن ئاي.
مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇندا بارى سەن تۇرساڭ،
فانداق كېتەي، قەدىمىمگە قىيالماي...

يالپۇز ھىدى ۋاھ، نەقەدەر سۆيۈملۈك،
ئاڭا سېنىڭ ئەتىر بۇيۇڭ كۆچكەنمۇ؟
ئوماق تاشلار قاڭشىرىڭدەك بوپ قاپتۇ،
كۆردۈم بۇنى ئاي مۆكۈنگەن دەمدىمۇ.

قاراڭغۇ تۈن قاشلىرىڭدەك يىمرىلىپ،
تۆكتى ئاسمان ئەمدى خاپىغان يېشىگنى.
مەن بىلمىدىم، دولقۇن قاچان ئېپ قالغان؟
ئويناپ تۇرغان پۇرۇم- پۇرۇم چېچىڭنى.

1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# باھار قوشقى

سۈزۈك ـ سۈزۈك كۆك يۈزىدەك تۇمانلار
شايى چايقار يېشىل دەرەخ ئۈستىدە.
يېشىل دەرەخ قۇشلىرىنى يىتتۈرگەن،
يېشىل ياپراق، كۈمۈش قۇشلار ئەسلىدە.

باھار دېگەن مېھمان ئەمەس، گۈلباھار
ماكان تۇتۇپ قالدى مەڭگۈ بۇ يەردىن.
مۆلدۈرلىگەن قوي كۆزلەردە ھاياجان،
كۆچۈپ كەتتى كۆڭۈل كىرى يۈرەكتىن.

ئارغىماقلار قايتىپ كەتتى يايلاققا،
ئىس ـ تۈتەكلىك ئاساۋلىقى ئۇنتۇلدى.
مەيىن ئۈندە لۆمشۈپ ئاقار ئاق ئېقىن،
ئاھ، ئۇ كۈنلەر شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدى.

1992 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



## خوشلىشىش

كۆز ياش دېگەن تۆكۈلمەيدۇ بىكاردىن،
ئارمان، ئۆلۈم، ۋىسال، ھىجران بولمىسا.
پىلىلدىدى، ئۆچتى ئۈمىد يۇلتۇزى،
سۈكۈت ياتار غېرىبسىنغان يوللاردا.

بۈگۈن ھەپتە، چېسلاغا نەچچىدى؟
سەن ئەمەسمۇ بۇنى ئېنىق بىلمىگەن.
كىم بىلىدۇ ئاخىرقى رەت كۈلەلمەي،
دىدارلاشماي كېتىپ قالغان تاڭ بىلەن؟

ئۇزاتماقتا ئۇنى تۇمان جىلۋىسى،
ھەربىر گىياھ، يېشىل ياپراق، ئاق بويناق.
سىم - سىم يامغۇر كەچتىن بېرى ياغقاچقا،
بولۇپ قالغان يوللار پاتقاق، تېيىلغاق.

ئۇ يىغلىدى، ئاتا - ئانا، جىگدىلىك...
ئاقۇچ ئېقىن —— بۇندا قالغان ھەممىگە.
خەير ساڭا، ساددا، تەرسا، تەنتەك قىز،
تاغ كەينىدە قالدى تاشلىق مەھەللە.

1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى

قاقشا، ئۆكۈن ۋە قانغۇدەك يىغلىۋال،
سەندە شادلىق، كۈلكە، بايلىق بولسىمۇ.
بىر ئاق قۇسەن كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن،
پەي - پەيلىرىڭ تورزۇپ تۇرار شۇندىمۇ.

ھايات گويا بىرلا ئورام موخوركا،
كۈلدىنىدا تۈتەپ تۇرغان قىيسىيىپ.
بېسىلمىغان يوللار چەكسىز پېتىپچە،
ئاي، يۇلتۇزلار قالار كۈلۈپ، جىلمىيىپ.

ئاھ، مەڭگۈگە ئۆمۈر نېسىپ بولسىدى،
ئىككىنچى بىر پلانېتادا بولسىمۇ.
قۇتلۇقلىماي قويار ئىدۇق بۇ كۈننى،
ئالتۇن قەدەھ ئېسىل مەيگە تولسىمۇ.

ئاخىر بىر كۈن كېلەر ئاشۇ قارا تۈن،
تىلغىنىچە دوست، يېقىنلار باغرىنى.
دېيەلمەيمىز بىر ياشىغان دۇنيا بۇ،
تۇغۇلمىغان بوپ چىقىمىز ئاخىرى.

1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرى

جېنىم ئانا، قۇياش پاتتى غەربكە،
ئىشكىلەرنى مەھكەم تاقاپ قويساڭچۇ؟
ئەتە دۇنيا بولۇپ قالار سارغۇچ رەڭ،
ئۇچۇپ كېتەر قەپەستىكى قۇشلارمۇ.

ئېغىر سۈكۈت ئايلىنىدۇ ھويلاڭدا،
ئېيتالمىدۇق تەسەللىگە تەسكىن سۆز.
تاڭ ماڭىدۇ، تەڭ ماڭىدۇ ئاپتوبۇس،
مىسلى قوڭۇر دېڭىز بولار بىر جۈپ كۆز.

ئۆمرى گويا چاقماقتەكلا بىر كەچ بۇ،
يالت قىلىپ ئۆچۈپ قالار شۇئانلا.
يېيەلمىدىم، چېكىلگەندە قېپقالدى
تۈگۈنگەن شۇ ئۈزۈملىرىڭ باراڭدا.

قىش كېلىدۇ، قار ياغىدۇ لەپىلدەپ،
شاۋقۇن- سۈرەن كۆتۈرۈپ ئالار جىمجىتلىق.
ئىسسىق كۆمەچ كۆمۈپ قويۇپ ساقلارسەن،
بىر چۆچەككە تۇغۇلارمۇ ھاياتلىق؟

1992 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاتۇش

# ئەقدە مەرسىيىسى

جىلمىيار كۆك ئۆزرە كۈمۈش چېچەكلەر،
يورۇدى پاكار ئۆي، چەللىلەر راۋان.
ئۈن - تىنسىز ئايلىنىپ كەلدىم ئىشىكىڭگە،
مۇز تەلەت دۇنيادىن زاڭلىق نامايان.

شۇندىمۇ قالدۇراي ئاخىرقى گۈل بۇ،
پارقىراق قوڭغۇزۇم چاقنىشىڭ ئارا.
سارغىيىپ بارماقتا تاللارنىڭ ئۇچى،
يالغۇز بىر يوپۇرماق چۈشتى ئالدىمغا.

ئۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆز خېتىم ئوخشاش،
شۇ گۈزەل ئۆتمۈشنى قىلسۇن نامايان.
سۈر باسقان چۈشتىكى يېنىك بىر چۆچۈش،
بېجىرىم ئۆلۈم بول، گۈلدەك سولمىغان.

قايتماس شۇندىمۇ مېنىڭ ئۆتمۈشۈم،
ئەسلىشىم كېرەكتۇر ئاچچىق ئەلەمدە.
ئاخىرقى شارابنى ئۆزۈڭ قۇيۇپ بەر،
پۇلخۇمار مەيچىگە قالسۇن ھېكايە.

1992 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# قەدەھ ئالدىدا

قوۋي دوستۇم قەدەھكە تولدۇرۇپ شاراب،
بۈگۈنلا يەتكۈدەك بولغۇم بار كەيپ.
سېزەمسەن نەقەدەر بىمالال قەلبىم،
قار باسقان داللار ياتار جىلمىيىپ.

بىز ناخشا ئېيتايلى ئۇزاقتىن- ئۇزاق،
ئاشىقلىق ياشىسۇن، ئۆلتۈرسۇن مېنى.
كىم كىرەر بۇ قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن؟
(تۇمانلىق سەھەردە پارلار ئاي نۇرى).

قارىغىن، مەن قۇشقا ئايلىنىپ بولدۇم،
دىل سۆيگەن كىشىگە سالىمىڭ يوقمۇ؟
ئۇ ساڭا گۈل تەرگەن باھار پەيتىدە،
مەرھەمەت ئەيلىدى سوغۇق قىشتىمۇ.

ئۇنتۇلۇش ئادەمنىڭ تەتۈر قىسمىتى،
كەچمىشىم بى ئەزىز يوللاردا قالغان.
شۇڭلاشقا بۇ شەھەر يانۋاردەك سوغۇق،
شۇڭلاشقا سەھەردە نەمخۇشتۇر تۇمان.

قوۋي دوستۇم، قەدەھنى لىقلىغىن، لىقلا،
بىز چوغمىز ئىككىمىز يانمىغان گويا.

سۆزلىگىن، تىڭشايمەن، تىڭشاشقا مەن بار،
يۇرتىمىز دەرياسى — ئېقىنسىز دەريا.

1992 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# قار ياغقان كېچە

ئېھ، شادلىق،
بەك لەرزان چۈشمەكتە ئاق قار،
ئاق قۇشقاچ تىلىدا كۈيلىنەر دۇنيا.
ئەزىزىم، كەلمەيسەن، توپۇڭ بولدىمۇ،
ئاپئاق بىر ئەتىرگۈل كۆكتە پەرۋازدا؟

ئېتىزدىن، قىرلاردىن، يىراق داللىدىن
چاقنىدى بىردىنلا يۇلتۇزرەڭ جۇلا.
قار باسقان مەجنۇنتال تۇنجى كېچىسى،
تۆشەكتە ئولتۇرغان كېلىنچەك گويا.

مەن ناخشا ئېيتماقچى بولدۇم بۇ پەيتتە،
بىر ئامال قىلىپ يەنە چۈشمەك ئۇسسۇلغا.
«ناھايەت ساقىدى كۆكتىن بىر يۇلتۇز»،
بىر ياپراق ئايلىنىپ كەتتى يۇلتۇزغا.

1992 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# مەكتۇپ

ئازابلىق ھېس دەۋرىمەكتە قەلبىمدە،
ئۇزۇن، ئۇزۇن سالام يازدىم، گۈزىلىم.
مېنى بەزلەر نېمە قالدى دۇنيادا؟
سەنچۈن پەقەت تەنها چۆللەر كەزمىدىم.

پوچتىكەش ئۇ، يولغا چىقار ئەتىلا،
كۆزۈمدىن ياش، يۈرىكىمدىن قان ئېلىپ.
مەن قاقشىدىم، مەن باتىنىدىم سېنىڭدىن،
مەن بىلمىدىم، قالدىڭمۇ يا يالتىيىپ؟

ھەممە نەرسە سوغ تاشلىنار كۆزۈمگە،
بۇ شەھەردە مەن ھەممىدىن كۆپ بىزار.
تەنها قالدىم، كەتتى دوستلار تانسىغا،
سۆيۈنەيمۇ، ياش تۆكەيمۇ، ئاھ، دىلدار.

تېۋىنىمەن قۇش بولسا دەپ ئادەملەر،
تۇيدۇرماستىن ئۇچۇپ بارسام قېشىڭغا.
بولدى، ئەمدى ئارتۇق شوخلۇق قىلمىغىن،
ماس كەلسىمۇ، ماس كەلمەيدۇ يېشىڭغا.

1992 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# قۇش ۋە قۇش ئۇۋىسى

كىچىككىنە چۇۋۇلغان چاڭگا
ئاق تۇزانغا كەتتى قوشۇلۇپ...
ئاھ، دادا قۇش يۈرگەندۇ نەدە،
كۆزدىن يىتتى ۋاپاسىز بولۇپ...

بىر ئانا قۇش تىترەيدۇ شاختا،
ئاچچىق- ئاچچىق قىلىپ كۆز يېشى.
بارچە قۇشلار كۈلسە باھاردا،
قېنى ئۇنىڭ ئامراق قوشمىقى؟

1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# چۈچۈك ئەسلىمەم

ئۇ يوللار تۈنۈگۈنكىدەك تۇرار ئېسىمدە،
سۆيمەكتە ئاھ، ئۇنى تاڭدىكى تۇمان.
پادىچى قاچانلاردا كېتىپ قالدىكىن،
ئۇ پەقەت بىر كۈيگە كۈيلەيتتى ھامان.

مەن يەنە چېچەكلەر تېرىپ يۈرىمەن،
پەسلىدىن پەسلىگە ھەممىسى باھار.
ئېھ، ئىشچان قوغۇنچى تېنىڭ ساقمىكىن؟
مەسچىتكە ماڭدىڭمۇ ئاق ساقال دىندار؟

ئاھ، مېنىڭ قۇشلىرىم، رەڭدار قۇشلىرىم،
كەلمەمسەن، كەلگىنە سۆزلەش مەن بىلەن!
ئۇراتتىڭ، قاقشايتتىڭ تەنتەك مۇئەللىم،
ئېيتىپ بەر نېمە ئۇ جىگدە ھىد دېگەن؟

ياق، ناۋاي ئەمەسسەن، چۆچەكسەن بوۋا،
ئۇزاقراق سۆزلىگىن بۈگۈن بىر قېتىم.
مەن سېنى بىلمەيمەن مېھرىبان موما،
قەبرەڭگە گۈل قويدۇم ئالا بوينىقىم.

ئەسسالام، شېشە رەڭ سۈپسۈزۈك ئاسمان،
نە دەرد بار تۈن- تۈنلەپ تۆككەن يېشىڭدا؟

مەن ساڭا كۆپ ئوسما ئوغرىلاپ كەلدىم،
سۆيگىنىم سەن يەنە توققۇز يېشىڭدا.

1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# ئايال

سۈزۈك تۇمان چايقىلىدۇ ئۈستۈڭدە،
تۇمان ئىچرە يېشىل ياپراق تىزمىسى.
بىر قارىسام ساپ ھەم سەبىي دۇنياسەن،
بىر قارىسام تاش ـ چالمىلار ئارىسى.

ھەر كېچىدە دوقمۇشلاردىن قوچاقلار،
ئۇچۇرما بولار كۆككە يۇلتۇز تەرگىلى.
مەن كېلىمەن ئوت ئىچىدە چوغ ئويناپ،
مەن كېلىمەن ساڭا يۈرەك بەرگىلى.

يارىلىش ــــ ئۇ، تاماملانغان مۇساپە،
تەقدىر نېمە؟ راسلانمىغان چىمىلدىق.
مېنىڭ ياشاش يىلتىزىمدا يۈكسەكسەن،
مېنىڭ ياشاش يىلتىزىمدا رەسۋالىق.

سۈزۈك تېشىم دولقۇنلارنى ئويناتقان،
خوراز ئەمەس سەھەر چىللاپ ئۆتكىنى.
بىر جۈپ قىسمەت بويۇن قىستى ئالدىڭدا،
بىر جۈپ گۈزەل تاڭرەڭ ئالما دەرىخى.

1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

## ئۆمۈرلۈك ئىستەلمە

ھەر ئىككىمىز بىر مەھەللىنىڭ بالىسى،
كۆيگىنىمگە كىچىكىمدىن تەن بەرگەن.
تۈتەپ تۇرغان موخوركامدەك غەمگۇزار،
چىرايلىق قىز ياشالماسەن مەن بىلەن.

ئاسمىنىڭنىڭ يۇلتۇزى كۆپ سېنىڭكى،
شۇڭلاشقا مەن سانايمەن ئىشىكىڭدە.
كىچىكىمدە كىچىككىنە بالىدىم،
كىچىككىنە بالا ئەمەس كىچىكىمدە.

ئۇزاقلاردىن كۈيلەپ كەلدىم نىشانسىز،
سەندە سۇندۇم جېنىم چېچەك سۈرگەن دەم.
بىر ئىستىسەم تىل سالىمەن ھەممىگە،
ئۇزۇن- قىسقا ئىككى مىسرا بۇ ئالەم.

ئىنسان تۇرۇپ ياراتقۇچى ياراتتىڭ ،
يالتىرىدىم سۈپسۈزۈك چوغ ئىچىدە.
يۈرىكىمگە بېرىپ يۈكسەك تەسەللى،
چىرايلىقسەن، سەتلىشەرسەن سۆيگەندە.

1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# ھىجران

مېنىڭ بولساڭ چاك ـ چاك بولۇپ يېرىل يۈرىكىم،
قانداق ئۇنتاي ئۆز مەلەمگە ياندىش مەلەڭنى.
كۆچكەن كەپتەر پەيلىرىدەك قەدىرسىز بولۇپ،
ماكان قىلاي سەندىن يىراق، يىراق يەرلەرنى.

بۇ رەستىلەر، بۇ ئادەملەر ناتونۇش ماڭا،
كۆزگى دەرەخ ياپرىقىدەك ئۆڭگەن مۇھەببەت.
موخوركامنىڭ قالدۇقىنى تاشلاي قەيەرگە؟
سۆزۈك شاراب ئاھ، باغرىمنى ئىسسىق ماكان ئەت.

سەھرادىكى نەي ئۈنىدەك يېتىمغىنا قىز،
ئەستىلىكتە سۆزلەنمىگەن بۈيۈك تامچە ياش.
بوسۇغاڭدىن ئىككىنچى رەت ئۈمىتلۈپ ئۆتتۈم،
ئاھ، نەقەدەر ئېچىنىشلىق، ئازابلىق ياشاش.

چايقىلىدۇ چۈش دېڭىزى يېرىم شەھۋەتتە،
ئىككى قەلب ئىككى روھتا ئۈپۈشمىگەن دەم.
قان ئىچىدە كۆيگىنىمنى ئىستەر قېنى كىم،
سۈنۈق دىلدا زەنجىرلەنگەن ئۈنسىز ئەقىدەم.

ئاستا ـ ئاستا پۈتكىنىدە ئاخىرقى بىر تۈن،
ئۈنسىز ناخشا چېچەكلىتەر يوللاردا سەھەر.

مېنىڭ يارىم ئۆز ئەقلىنى يوقاتقان دۇنيا،
مېنىڭ شەھىرىم كەلگىنىمنى بىلمىگەن شەھەر.

1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاتۇش



# سەھەر

ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلمەكتە تۇمانلار،
يېشىل ئاسمان جۇلا تاشلار ئەتراپقا.
كۈمۈش رەڭلىك تۆشەك ئوخشاش راسلانغان،
چىمەنزارلار سەيلىدىكى خانىشقا.

ھويلامدىكى ئاق تېرەكلەر ياپرىقى،
قاچان بىلگەن قۇشلار كەبى سايراشنى.
چاچ تارايدۇ كۆل بويىدا مەجنۇنتال،
ئوسما رەڭدە چايقىلىدۇ سۇ يۈزى.

شوخ تەبەسسۇم ئوينار ئۇپۇق لېۋىدە،
يىراق دالا رەڭدار گۈللەر رەستىسى.
ئاق بوينىقىم بىردىن جىمىپ قاپسەنغۇ،
تەگدىمۇ يا دىۋانىنىڭ دەستىسى؟

يورۇپ بارار مۇنارلىرى مەسچىتنىڭ،
سۇس يېشىل رەڭ سۈزۈك تۇمان ئىچىدە.
بۇزدى قۇشلار سۈكۈتىنى ئورمانىنىڭ،
كىم بۇلغىيتتى ئىشىك چەككەن كېچىدە؟

1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# كىچە

سۈكۈنات شەھىرىدە سانسىز يۇلتۇزلار
گۇگۇمغا تاشلىنىپ ئۇخلايدۇ كېچە.
بىر يۇلتۇز قىپقىزىل چىقىراپ يالقۇن،
بىر يۇلتۇز چاقنايدۇ كۈمۈش رەڭگىدە.

سېنىڭدىن بەكمۇ بەك يىراق شەھەر بۇ،
مەن مۇشۇ شەھەردەك يالغۇز بۇ يەردە.
موخوركام قېنى سەن، تۈگەپ قالدىڭمۇ؟
سۆيۈپ قوي ئوماقلا كۆپۈكلۈك پىۋا.

شوخلۇقۇم، كۈلكەمنى كەلدىم سېغىنىپ،
ئەقىلسىز بىر قىزنى ئالدىم ئېسىمگە.
بىلمەيمەن سەھەردىن يېتىپ باردىڭمۇ؟
سېغىنىش، ئازابتا مەن پۈتكەن نامە.

ئېھ، باھار شامىلى كىرمەكتە تەم- تەم،
ئەگىزلەر ئۇلغايغان قۇشلار پەسلى بۇ.
ئىشكىمنى ئۇلۇغ قىپ ئېچىپ قويدۇممەن،
دېرىزەم تەلمۈرۈپ تۇرار كىمگىدۇر.

1993- يىل 4- ئاينىڭ 27- كۈنى، ئۈرۈمچى

## رەسىم

ئاق ئۆجمىگە ئېسىلىپتۇ قۇشقاچلار،
بۆگۈن چوقۇم بولۇپ قالدى يەكشەنبە.
توپا ئىچىدە لاي ئوينايدۇ بىر بالا،
يېنىدىلا نان چىلانغان تەلەڭگە.

ئۇلغايماقتا باشاقلىرى دېڭىزنىڭ،
تۆگە لوكىسى ئۆركىشىدە بارخانلار.
قانداق ئىكەن دوزاخ، جەننەت، قىيامەت؟
ئېيتىپ بېرەر ئۇ ئالەمگە بارغانلار!

مەن كېچىنىڭ قولڭىقىغا ئولتۇرۇپ
كېزىپ چىقتىم سانسىز كوچا، رەستىنى.
باھاردىمۇ ئاق خازانلار تۆكۈلگەن،
ئۇچراپ تۇرار قەدەمدە بىر تىلەمچى.

كۆز يېشى ئۇ كىرپىكلەرنىڭ خالىمۇ؟
ياش تۆكىدۇ ئادەملەرنىڭ يۈرىكى.
ئىشىكىمنى ئېچىپ قويدۇم يولۇمغا،
ئۇزاق بولدى ئۇچراتمىدىم ئۆزۈمنى.

1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاتۇش

# مۇھەببەت

تووۋلاۋېرىپ پۈتۈپ بولدى ئاۋازىم،
تولا يىغلاپ ئايرىلىمەن كۆزۈمدىن.
سەن سۆكۈتنى جىمجىت ھەمراھ قىلغاندەك،
مەنمۇ سەۋەب ئىزدىمەيمەن ئۆزۈمدىن.

بىز ئىككىمىز ئايرىلغانغا ئۆلمەيمىز،
ھەر ئىككىمىز مەغرۇر، ئەمما بىچارە.
مەن كۈتىمەن يەنە كېلەر يولۇڭدا،
سەن كۈتىسەن چېكىلسە دەپ دېرىزە.

ئەسكە چۈشمەس ياخشى كۈنلەر ھەرگىزمۇ،
باغرىمىزنى كۆيدۈرسىمۇ قىيامەت.
ياخشى چۈشنى يامان قىلىپ ئۆرۈيمىز،
ئەمدى بىلدىم، مۇنداق ئىكەن مۇھەببەت.

كۆزلىرىمدىن سىرغىپ چۈشكەن ئېقىنلار
ئېقىپ بېرىپ بوسۇغاڭدا توختايدۇ.
مەن ئۆيلايمەن ئېقىن بولۇپ قالسامچۇ،
سەن ئۆيلايسەن توپان بولغان ئوخشايدۇ.

1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# جۇدالىق ناخشىسى

سۆيگىنىم، ئاخىرقى يازغان خېتىڭ بۇ،
ھاياتتا چىن قىلىپ تۆكتۈم تامچە ياش.
ئازابلىق قەلبىمنىڭ تېرەن تەكتىدىن،
ئالدىڭدا سارغايغان دەملەرگە ئوخشاش.

بىر رەستە، بىر كوچا ماگار يولىمىز،
بۇ بىزنىڭ شەھىرىمىز — گۈللەر، كۈلۈم يوق.
كېچىلەر شۇ يېتى قېپقالدى سۆرۈن،
قېپقالدى باغچىدا تەنھا ئورۇندۇق.

سورايمەن كىشىلەردىن ئۆيۈم قايسى دەپ،
سورىما مېنىڭدىن كىچىك ئىنىمنى.
تېگىشتىم بىر رومكا شارابقا پەقەت
تېگىشتىم، ئەزىزىم شادلىق، غېمىمنى.

سەن ئىچاغ ئۇيقۇدا ئىدىڭ ئۇ ئاخشام،
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كەلدىم ئىشىكىڭگە.
بوسۇغاڭ ئالدىدا كۈتتۈم بەك ئۇزاق،
سۆزلىدىم ھەممىنى كىچىك پىستەڭگە.

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# كۈز

ئالدىراپ تۆكۈلەر كۈز خازانلىرى،
بىز ماڭغان ئۇ يوللار گويا قەبرىستان.
ئەسەبىي چۆچۈشتىن كەلسەم ئېسىمگە،
كۈمۈش رەڭ كۆك خالى يوقالدىڭ قايان؟

ئۆلۈمنىڭ كەينى ئۇ ئۇزاق، ئۇزاق يول،
قولۇڭنى بەر ماڭا كېتەيلى بىللە.
قىش كۈنى تۆكۈلگەن قارلار ئورنىدا،
رەڭگارەڭ گۈل - چېچەك ياغار ئۇ يەردە.

يۈرىكىم گوياكى ئاقار يۇلتۇزدەك،
ئويلىسام سەن بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
ھېچ نەرسەم يوق ئىكەن بىللە ئۆتكۈدەك،
ئۆيۈمدە، تالادا، يىراق كۆكتىمۇ.

چىرايىم كۆرگۈسىز سارغايغان بەتتەر،
نېمىگە ئوخشىتىپ قويدىكىن ھىجران.
چاچلىرىم ئۆسكىلەڭ، كىيىمىم رەتسىز،
مەن گويا يىراقتىن كەلگەن سەرگەردان.

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# قاۋاق ئالدىدا

تۇرار ئىزلار ئوڭ ـ تەتۈر بوپ بۇ يەردە،
چاپان سالدى ئىشىكتىلا ھەقىقەت.
كەلدى قۇشلار ئورمىنىنى كۆتۈرۈپ،
شېئىر بولۇپ سۇيۇقلاندى مۇھەببەت.

ئۈمىد بەكمۇ ئۇزاق كەتتى سۈكۈتتە،
توختاپ قالدى كېتىۋاتقان بىر ئانا.
دىۋانىنى ئەندىشىگە سالغان كىم؟
ئۈن سېلىپلا يىغلىۋەتتى بىر بالا.

كاۋاك بولۇپ قالدى كېچە ئاسمىنى،
ئۇخلاپ قالدى ئەڭ ئاخىرقى يۇلتۇزمۇ.
ئون سەككىزگە ئەمدى توشقان قىز كەبى،
تاللاشتىدۇر ھېسسىياتچان جۇۋانمۇ.

كەلدى ئازاب كۆز يېشىنى ئېقىتىپ،
قول سوزىدۇ ھەركىم بۇندا سۆيگۈگە.
خىياللاردەك شۇنچە مۇڭلۇق، بىغۇبار
شائىرلار بار چوقۇم قاۋاق ئىچىدە.

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

## ئاق تۇرنا

تاڭ سەھەر كۆي كۈيلەپ ئۇچقان ئاق تۇرنا،
ئېيتقىن، ئېيت بۇ قېتىم سەپەر قاياققا؟
شۇ ئۇزاق يوللاردا كېلەمسەن قىشلاپ؟
يا ئۇدۇل كېتەمسەن يىراق جەنۇبقا؟

كۆك ئاسمان باغرىنى كەڭ ئېچىپ تۇرسا،
نېمىشقا كۆزۈڭدە يالتىرايدۇ ياش؟
قارىغىن، سەن بىلەن كەتمەكتە گويا
تاغلارنىڭ كەينىگە قىيسايغان قۇياش.

بىلەمسەن سەن مېنىڭ ئاتا - ئانامنى،
نېمىنى ئېسىڭگە ئالدىڭ سەن شۇ تاپ؟
گۈلدەستە تىزماقتا جەنۇبلۇق قىزلار،
گۈلدەستە تىزماقتا بىر ماڭا ئاتاپ.

كەڭ كەرگىن پارقىراق قاناتلىرىڭنى،
يازاي مەن بىر كۇپلېت، بىر كۇپلېت شېئىر!
ئوقۇپ بەر بۇندىكى گۈزەل دالىغا،
ئاڭلىسۇن كۆك ئوتتا سەمرىتكەن سىيىر.

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# شەھەر باغچىسىدىكى فانتازىيە

نەم ھاۋا سەگىتتى كۆيۈك باغرىمنى،
ئۆزۈڭ كىم مەن بىلەن تۇرغان يېنىمدا.
ئەسلىدە ئادەملەر ئۆزلىرى ساراڭ،
ھە، تېخى تىكىلەر ماڭا گۇماندا.

ئىككىمىز بۇ يەرگە كەلدۇقمۇ بىللە؟
راست بولسا ئېيتقىن قاچان، ئاھ، قاچان؟
مەن سېنى ئىلگىرى ئۇچرىتالمىغان،
ئازابتەك بىر ماڭا مەنسۇپ ئەي جانان.

تىترىگەن قولۇمدا سۇندۇم بىر تال گۈل،
سەن ئۇنى كۆكسۈڭگە تاقاپ ئاپسەن ھەم.
يارىمنىڭ شۇ بىغەم تەلۋە كۆزلىرى
ياتلىشىپ، يىراقلاپ كەتكىلى نىكەم.

1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# يارا ئابىدىسى

ئۆزۈم بۇزغان سۆكۆتلىرىمنى
ئۆزۈم تىكلەپ كەلدىم چۈشۈمدە.
نېمىدۇر ئۇ كۆزۈمدە كۆيگەن؟
نېمىدۇر ئۇ كۆيگەن ئىچىمدە؟

بەخت مېنى ئىزدەپ كەلسىمۇ،
كۆز يېشىمنى كۆرىمەن ئوخشاش.
يۈرەك ئەمەس مېنىڭ يۈرىكىم،
مۇشت شەكلىدە قاتقان سوغۇق تاش.

1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# كۈندۈز

ئۇزۇن بىر مۇساپە تونۇردەك بۇ يول،
بەھۇزۇر ئاپتاپقا قاقلىنار قۇياش.
سەبىي قىز كۆكسى ئۇ — كۆزۈمدىن ئاققان،
لايلاشقان پورەكتە سۈزۈك تامچە ياش.

ئەي قەدەھ، پەيتۇندا ھەييام بىرلە كەل،
ناخشامنىڭ ئۇ چېتى سېنىڭ ئۆيۈڭدە.
تاڭ سەھەر ئورماندىن كەتتى قۇشقاچلار،
تۆكۈلگەن پەيلىرى سايرار ئىنىدە.

بۇ شەھەر ئاخىرى دەھشەت قىيامەت،
پارقىراپ ئازماقتا نوھنىڭ كېمىسى.
سەۋدالىق ئەقلىمگە پۈتكەندە كۈلدان،
بىر- بىرلەپ يىتتۈردۈم تاپقان ئىسمىنى.

ئۇ گويا قار گۈل بوپ قوندى قەلبىمگە،
چىرايلىق ئالۋاستى كەنتىمدە ئاخشام.
مەن تېخى قوي بېقىپ يۈرگەن بالىدىم،
ئەمدىلا پىلىكى تۇتاشقۇچى شام.

ئەي قەدەھ، پەيتۇندا ھەييام بىرلە كەل،
ناخشامنىڭ ئۇ چېتى سېنىڭ ئۆيۈڭدە.

ئاق سېرىق جۇۋاننىڭ يوتىسى ئوخشاش
ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ كۆيمەكتە كېچە.

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاتۇش



# نامراتلىق

جىمجىتلىق شەھەرنىڭ غەمكىن ئاۋازى،
بىر قىزچاق چوڭ يولدا ئايلىنار لەۋەن.
ئېرىشىشىم مۇمكىندۇر ئەڭ سېسىق تىلغا،
موچەنلىك، سېنتلىق پۇللىرىم بىلەن.

مېڭەمدىن تۆرەلگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار
بايراملىق تانسىغا چۈشكەندەك گويا؛
نېسىگە مەي ساتار ئۆلگەندىن كېيىن،
تېخىمۇ قەدرىنى بىلدۈردى دۇنيا.

قان گۈلى جېنىمدىن سىرغىيدۇ مەيىن،
مۇھەببەت ___ ئەي مېنىڭ بىكۆيۈم قەبرەم.
يارىمنىڭ ئىشىكىگە بارسام مۇشۇ تاپ،
كېتىشىم كېرەكتۇر توختاپلا بىردەم.

1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئۆتۈش سىزىقى

ماشىنا، پىكاپىلار كېلەتتى رەت ـ رەت،
مەن كېسىپ ئۆتمەكچى ئىدىم بۇ يولنى.
ئۆلۈم بەك سۆيۈملۈك جانان لېۋىدەك،
كىمكىنە ئىللىقلا سىققان قولۇمنى.

سۈر بېسىپ جىمجىتلا داجىدىم ئاستا،
ساقچىمۇ بۇ يەردىن يىراق ئىدى بەك.
ئاقىرىپ تۇراتتى ئۆتۈش سىزىقى،
ئۆلۈمدە قائىدە ـ تەرتىپ بولۇشتەك.

نىهايەت مەن تۇرغان توپىنىڭ ئىچىدىن،
بەختسىز بىر ئىنسان چىقتى ئالدىغا.
ۋە چاقلار ئاستىدا جان بەردى شۇئان،
لەگلەكتەك چاپلىشىپ، مىلىنىپ قانغا.

قاتىل كىم؟ مەنمۇ يە، شوپۇر، ماشىنا،
كىم ئىكىن بۇ يەردە بولغان گۇناهكار؟
قاتىللىق يۈز بەردى، يۈز بەردى ئاخىر،
بىخەتەر سىزىقتا ئاھ، بى ئىختىيار.

1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# ئۇچرىشىپ قالساق...

تۇساتتىنلا قالساق ئۇچرىشىپ
يىرىلارمۇ دەيمەن يۈرىكىم.
خۇشال قۇشتەك يىپىنىك پەر قېقىپ
ئۇچارمەنمۇ ياكى بىر قېتىم.

تۇساتتىنلا قالساق ئۇچرىشىپ
كۆرۈشكەندەك تۇنجى رەت جانان.
بىرەرسەنمۇ ماڭا قولۇڭنى،
كېتەرسەنمۇ قايرىلىپ شۇئان.

تۇساتتىنلا قالساق ئۇچرىشىپ
مەڭدەپ تۇرۇپ قالساڭ ناۋادا؛
كۆيدۈرەرمۇ دەيمەن كەشمىنى
بارمىقىمدىن چۈشكەن موخۇركا...

1994 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# ئۈمىد تەبەسسۇمى

نى- نى كۈنلەر ئۆتتۈپ كەتتىغۇ،
ئۆتتۈپ كېتەر يەنە بۇ كېچە.
تىنچلانغىن دەردمەن يۈرىكىم،
يۇلقۇنىسەن نېمىشقا مۇنچە؟

شۇ چولپىنىم كۈتمەكتە ئەنە،
دېمەك ۋىسال قالدى يېقىنلاپ.
جانان مېھرى يانار قەلبتە،
شام ئۆتىدەك غۇۋا پىلدىرلاپ.

ئاتۇش شەھىرى يىراق بولسىمۇ،
(بىنالىرى قىستىلاڭ رەت- رەت).
ئىككى كۈندە يېتىپ بارىمىز،
قۇچاقلايدۇ دوستلار، مۇھەببەت.

1994- يىل 1- ئاينىڭ 17- كۈنى، ئۈرۈمچى



# بوتۇلكا

مەن ئوخشايمەن ئىچىشتە ساقا،
سەن ئوخشايسەن ئىچىشتە ماقا.
زىدە بولغان بولسا يۈرىكىڭ،
كۆزلىرىڭگە ياش ئېلىپ باققىنا.

ئۇچرىشىمىز كۈندە بىر قېتىم،
بولۇپ قالدۇق ئوبدان قەدىناس.
ئادەملەردىن ساقلىغان گەپنى،
ساقا ئېيتىپ بەرگىنىممۇ راست.

باشلاپ كەلسەم كۆرسەڭ بولاتتى،
مېنى خاپا قىلغان شۇ قىزنى.
بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، هەي...
ساناپ بەرسەم بىرەي يۇلتۇزنى.

1994 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# سەن

سەن ئۆيۈمگە كىرىپ كېلىسەن،
پەرىزاتتەك ئاستا، مۇلايىم.
سەن ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتىسەن،
تۇرغاندەكلا يېنىمدا دائىم.

سەن كېلىسەن ئۇزۇن بۇ يولدىن،
كۆرۈشكىلى مەن بىلەن ھامان.
سەن كېتىسەن ئۇزۇن بۇ يولدىن،
ئۆزۈم يالغۇز قالىمەن جانان.

سەن كىرىسەن چۈشۈمگە كەچتە،
چۈش كۆرىسەن بولۇپ ياستۇقداش.
شۇنچە يېقىن تۇرساقمۇ بىللە،
كۆرۈنمەيسەن شەيتانغا ئوخشاش.

1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاتۇش



# تەقدىر

سەن ئۆتمەك بولساڭ بۇ يەر ئاستى يولدىن،
پۇلۇڭ يوق، غېمىڭ يوق، مەندەك يالغۇزلا.
تۇيۇقسىز يانچۇقچى توختىغىن دەيدۇ،
كۇپايە مۇخۇركاڭ بولسا سۇنساڭلا.

تونۇيسەن سەن ئۇنى قاراپ كۆزىدىن،
تۆكۈلگەن كۆز يېشىڭ قىلىپ قويار سىرداش.
پۇلۇڭنى چىقارغىن دېمەس ئۇ ساڭا،
دەيدۇ بەس جاندىنمۇ پۇل تاتلىق ئاداش.

خەير- خوش دېمەس ئۇ، دېمەيسەن سەنمۇ،
توساتتىن دەھشەتلىك يېرىلىدۇ يەر.
ھەر ئىككىڭ يۈرىكىنى پارە- خۇن قىلار،
ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا پارقىراپ خەنجەر.

1994- يىل 2- ئاينىڭ 14- كۈنى، ئۈرۈمچى



# مەن بىلەتتىم

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
ئاستا بېسىپ، لېكىن بىمالال.
دېرىزەمنىڭ تۈۋىدە بىر كۈن،
ئۆسۈپ قالغان كەبى مەجنۇنتال.

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
گويا كەپتەر قانات كەرگەندەك.
بەڭباش ئوغلۇم نەلەردە سەن دەپ،
ئانام تۈندە ئىزدەپ كەلگەندەك.

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
سەۋەنلىكلەر بولمايدۇ كىمدە.
مەندىن ئۆتسە نى چاغ باراتتىم،
ئاھ، بۇ قېتىم سەندىن ئۆتتى ـ دە...

1994 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# بىر تال يۇلتۇز

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە بەك خىرە.
ئۇ سەنەمنىڭ ئوتلۇق كۆزىدۇر،
يېنىۋاتقان ئاشىق كۆزىدە.

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە بەك خىرە.
ئۇ بىردىنبىر يورۇق روجەكتۇر،
ئۆلۈۋاتقان ئادەم كۆزىدە.

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
ئۇ، يارىمنىڭ يۇلتۇزى خىرە.
ئۇ بىر مىسرا يارقىن شېئىردۇر،
ئېھ، ئۈمىدۋار شائىر كۆزىدە.

1994 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# تەبئەت

سەن كەلمسەڭ مەيلى، ئەزىزىم،
ئاھ ئۇرمايمەن چەكمەيمەن پەرياد.
ئىزدەپ كەلگەن كەبى پەرىشتە،
قۇشلار كېرىپ كېلىدۇ قانات.

كۆندۈزى ئېھ، قۇياش يورىتار،
تۈندە توپ- توپ يانىدۇ يۇلتۇز.
ئەگەر بارسام دەريا بويىغا،
مەيىن ئۇسسۇل ئوينايدۇ يالپۇز.

سىر تۆكمەن ھەر بىر پەسلگە،
مىڭ دىلبەردۇر ئانا تەبئەت.
جىنىم ئۇندا مەن كۆرگەن بارى،
جۇلالايدۇ ئەمما سەن سۈپەت.

1994 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# ساۋاقداشلار ئالبومىغا

مىسكىنمەن، خامۇشلۇق جۇلقۇغان قەلبىم،
قۇترايدۇ جىسمىمدا بىر سوغۇق تىترەك.
كۆڭلۈڭلار نېمىمۇ ئەرزىتەر مەندىن،
ئەڭ ئاچچىق بىر رومكا شاراپتىن بۆلەك؟

كۆتۈرگىن، شاد ـ قوۋناق ئايلانسۇن قەدەھ،
بىز مەڭگۈ بىللىدەك شاد بول ساۋاقداش.
كۈلەيلى تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىدىن،
يالتىراپ تۇرسىمۇ قوي كۆزلەردە ياش.

كەل، شادلىق بىز ئۈچۈن بولۇپ بەرسۇن ساقى،
(بار قانداق تەسەللى ئۇنىڭدىن باشقا).
تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك بولسۇن ئۈنئالغۇ،
بىلمەيمەن، شۇندىمۇ دەسسەي ۋالىسقا.

كۆتۈرگىن، شاد ـ قوۋناق ئايلانسۇن قەدەھ،
ئايرىلىش دەملىرى دىلغا مۇڭ سالدى.
سۆزلىسۇن مۇزىكا، سۆزلىسۇن شاراب،
كىملەرنىڭ كۆڭلى ئاھ، كىملەردە قالدى؟!

يۇلتۇزلار قىسمىتى تەقدىرداش بىزگە،
كۆڭۈللۈك دەملەرنى ئۇنۇتما ھەرگىز.

خەير- خوش، ئاداققى سۆيۈملۈك بىر كۈن،
خەير- خوش، ساۋاقداش، خەير، ئوماق قىز.

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# سىيىت نوچى (II)

ئۇچتۇرپاندىن ياندىڭ نوچى قەشقەرگە،
ئېيتقان ناخشاڭ مۇڭىمىزغا قاتتى مۇڭ.
ئىشەنمەيسەن؟
ماتىتەي بىر بەتنىيەت،
ساقاي دەيدۇ قارا كۆككە يۇلتۇزۇڭ.

سەن ماڭغاندا ئەمدى تېخى تاڭ ئاتقان،
يېڭى بىر تۈن كۈتتۈپ ئالدى كۆك ئاسمان.
ئالدىرىمىغىن، ئاناڭ ئوبدان ـ سالامەت،
يېتىم ـ يېسىر، دوستلارغا بار جاي ـ ماكان.

ئېتىڭ هاردى، يولمۇ ئۇزۇن، ئۇسسۇز سەن،
بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە بىر رەت قونۇپ كەت.
ئۇنتۇپ قالغىن يەكتىكىڭنى كېتەردە،
يانچۇقىدا بىللە قالسۇن هېلىقى خەت.

1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



# ئايرىلىش

ئەزىزىم، راستىنلا كېتەمسەن ئەمدى،
ئەنە ئاھ، يۇلتۇزلار ئۆچتى بىر- بىرلەپ.
كەچۈر، مەن ئامالسىز سۇندۇم قولۇمنى،
(ئويلىدىم، ھازىرلا كۆرۈشتۇق بىز دەپ).

خەير- خوش، نەقەدەر ئازابلىق سۆز بۇ،
ئۆتۈنەي يەنە بىر باققىن قايرىلىپ.
چۈنكى، بۇ ئايرىلىش بولسا مەڭگۈلۈك،
بىز ئىككى ئالەمدىن قالدۇق ئايرىلىپ.

1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# سالام ، دۆڭكۆۋرۈك

يۈرىكىم تىلىنغان، ئاقار تىم- تىم قان،
سەن مېنى گوللا، يا ئۆلۈمگە يوللا.
ئاخىرقى بىر سوملا پۇلۇم بار ئىدى،
نە قىلاي، قول سۇندى تىلەمچى بالا.

ھەممىگە بىپەرۋا ئەجەب ماكانسەن،
مەن كەلدىم يەنە بىر يىغلىۋالغىلى.
ئۇ تۇرغان پاھىشە ___ ستۇدېنت قىز،
موھتاجلىق بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئۇنى.

قىيامەت دەھشىتى يېقىنلار ئاستا،
تىترەيمەن ئاتلىغان كەبى ئۆلۈكتىن.
ئۇ يىگىت چەكمەستە ئىدى بەك بەردەم،
ئەڭ قاتتىق بىر رەنجىش ئىشتىكەن ھاياتتىن.

1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى



# سۆيگۈ قوۋۇقى ئىچىدە

قەلەندەر كۈتكەندەك بايلىق كۈننى،
كۈتىمەن مەنزىلىم يۈز ئاچار بىۋاق.
ئەي لەۋەن، بۇ يولغا سالدىڭ سەن مېنى،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم بىراق...

ئېۋەنسىز ئالدىمدىن ئۆتىسەن دەسسەپ،
ئېيتىمەن پىچىرلاپ بەخت بۇ ياق، ياق!
شۇنچىلىك بىپەرۋا كۆز تىكتىم دەسلەپ،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم بىراق...

تامچە ياش سىرغىدى مەڭزىمدىن ئاخىر،
ئۇ سۆيگۈ گۈلدۈر شېرىن، خۇش پۇراق.
كۈتىمەن قۇل مىسلى ئاجىز بىتەخىر،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم بىراق...

1994 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاتۇش



## ئالدىراش ئادەملەر توپى

تەن ئارا شۇنچە پاك، غۇبارسىز دىللار،
بولغانغان دەريادەك تارتماقتا نەرە.
بۇ بىر توپ شىر كەيىپ ئادەملەر ئارا،
مەنچۇ، مەن كىمگىدۇر تاشلايمەن گىرە.

قوللىرىم ئاجىزدۇر، كۈچسىز شۇ قەدەر،
قالغاندەك تېنىمگە مەھكەم چاپلىشىپ.
ئەمدىلا قايتىشقان گويا ھەممىمىز،
ئۆزۈن بىر جەڭ پەيتى دەھشەت ئېلىشىپ.

قېنى سەن قولۇڭنى بەرگىن ئاھ، ماڭا،
تاشلاندۇق يولۇمغا بولغايسەن ماياك.
ھەپىسلە بولسمۇ نىگاھلار ئۇچۇن،
تەم- تەم بىز كۆزلەرگە چېچىلغاندۇر ھاك.

نەدە ئۇ ئۇنچىلىك چىدام ۋە غەيرەت،
يىتكەندۇر تەنلەردە كۈل بولۇپ بۇ دەم.
مۇھەببەت، گۈزەللىك بىرگە يۈز ئاچقان،
بىز ياستۇق قىلىشقان مېھرىبانلىق ھەم.

1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاتۇش

# سۆيگۈ پەيتى

ساپ مەيىن نۇر سىپەر كۆكتىن تولۇن ئاي،
ئورمانلار شاخلىغان بولۇپ باراقسان.
بەك جىمجىت ئېھ، بۇ يەر يىراققا قەدەر،
مەيلى سەن ئاھ ئۇرغىن، كۆتۈرگىن ئىسيان.

ئىلاھىم ئېلىپ كەلدى بىزنى بۇ يەرگە،
روھلارنىڭ مېۋىسى چېچەك ئاچسۇن دەپ.
سەن مېنىڭ مەيلىمچە بولساڭ ناۋادا،
دۇنيانى ئىلكىڭگە بېرەي ھەسسىلەپ.

بۇ مېنىڭ كۆزۈمدە قارىساڭ دىلبەر،
كۆزۈڭنىڭ چوڭقۇرى يالقۇنلۇق ئوكيان.
كۆيمەكتە ئۇ يەردە مەن بولۇپ تەنها قۇش،
كۆيمەكتە ئۇ يەردە مەن بولۇپ بىلىجان.

1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاتۇش



## يېزىدىكى بوتكامدىن تەسرات

بىز مۇھتاجمىز بىر ـ بىرىمىزگە،
زور بايلىقتۇر شارابنىڭ كەيپى.
كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋگلار دوستلار،
يالغۇز تاشلاپ قويماڭلار مېنى.

ئالمىساڭمۇ مەندىن بىر نەرسە،
ئۆتۈپ كەتسەڭ هال ـ ئەھۋال سوراپ؛
يىغلاپ ئالاي قېرىنداشلىرىم،
قاداق باسقان قولۇڭغا قاراپ.

ھېچنېمىگە قادىر ئەمەسمىز،
بىرلا ئاللا قادىر ھەممىگە.
سېتىلمايدۇ مۇندا مۇھەببەت،
مەن مۇھەببەت بېرەي سىلەرگە.

1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاتۇش



# يارنى سېغىنىش

جېنىم، سېنى ئۇنتۇماق بولسام،
بەخت، ئۆلۈم، پۇلدەك ناۋادا،
دەرت ـ ئەلەمگە كۆنۈك كاللامنى،
قىلماق كېرەك تېنىمدىن جۇدا.

سەنسىز كۈنلەر ئۆتمەكتە مۇنداق:
كۈتۈش، ئازاب، شائىرلىق ئارا.
ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ،
بىر مەن يالغۇز قالغاندەك گويا.

سەن مېنىڭدىن يىراق بىر يەردە،
مەن نە ھالدا بىلمەيسەن ئەركەم.
دوستلار تۇتقان بۇ قەدەھنى،
يەنە سەنچۈن كۆتۈردۈم بۇ دەم.

1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاتۇش



# مەيپۇرۇشقا دەيدىغانلىرىم

مەرھەممەت، قەدەھنى تولدۇرغىن قېنى،
دومسايىماق نەھاجەت مۇنداق سىڭايان.
غەم قىلما، مەي ھەققى تۆلىنەر دەرھال،
بولمىسا ئۇستۇمدىن سېلىنار چاپان.

مەست بولۇپ ناۋادا يىغلاپ تاشلىسام،
يىغلىشىڭ بىھاجەت بىللە تۆكۈپ ياش.
مەينى دەپ كەلمىدىم ئىشەن بۇ يەرگە،
مەن كەلدىم مۇھەببەت، شېئىر دەپ ئاداش.

مەرھەممەت، قەدەھنى تولدۇرغىن قېنى،
شۇنچىلىك ئوخشايدۇ ئىنسانلىق سەۋرەم.
كۆپ تارتتىم مۇھەببەت ـ سۆيگۈ دەردىنى،
كۆڭۈلسىز بۇ دەملەر ئۇنتۇلسۇن بىردەم.

1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاتۇش



## ئەندىشە

مۇھەببەت قەلبىمگە تاشلايدۇ سايە،
بىر سېنى ئۆلۈمدەك سۆيەلىدىم مەن.
ھەيرەتتە تىكىلەر ھەر بىر ئۆتكۈنچى،
گويا مەن ئەڭ يىراق قىتئەدىن كەلگەن.

قىپقىزىل گۈللەرگە تولدى كەڭ جاھان،
سېزىسەن كۆزۈمدە كۆرسەڭ ئەگەردە.
قەدىمىم تاشلىنار يېنىك ۋە لەرزان،
ئۆلۈمگە ماڭغاندەك بەخت ئىچىدە.

بىلمىدىم قانداقچە بولۇر ئەتە تاڭ،
ناخۇشلۇق باغرىمغا ئۇرارمۇ خەنجەر؟
سەن خۇشال كۆكسۈمگە باش قويغان بىلەن،
مەن كەلمىش كۈنلەردىن تېخى بى خەۋەر.

1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاتۇش



## كېچە سائەت بولغاندۇ نەچچە

كېچە سائەت بولغاندۇ نەچچە؟
بىرلا يۇلتۇز يانار چىمىرلاپ.
ئىككى ئىنىم كەتتى ئۇيقۇغا،
پات ـ پات يېنىك جۆيلۈپ پۇشۇلداپ.

بىر تەلۋىمەن گويا يۈگەنسىز،
چاققۇم كېلەر مەشنى، چەينەكنى.
قانداق ياشاي سېنى هاياتىم:
قانداق ئۇنتاي ئۆتكەن كۈنلەرنى؟

ئامانمۇ سەن دوستلار، ئۈرۈمچى،
ساۋاقداشلار، مەكتەپ، كۈلگۈنئاي؟
ئەجەب شېئىر يازالمىدىم مەن،
شېئىر مېنى يازار توختىماي.

1995 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاتۇش



# تېلېفون

ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
قاي بىرىنى ئەسلەي كۈنلەرنىڭ؟
بەلكىم بىراۋ چېكىۋاتقاندۇ
ئىشىكىنى سۆيگەن قىزىمنىڭ.

بىز ئايرىلىپ ئۆتتى كۆپ زامان،
يېزىشمىدۇق بىر رەت سالام خەت.
تېلېفون كەلدى دوستۇمغا ھېلى
سۆيگۈنىدىن ئاخىرقى نۆۋەت.

تەقدىرداشىمىز دېگۈم كەلدىيۇ،
ئېيتالمىدىم بىر سۆز دوستۇمغا.
ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئالغانچە
يېنىك ئۇرۇپ قويدى دولامغا.

1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاتۇش



# خەت تاپشۇرۇۋېلىش

رەھمەت سېنىڭ ئارتۇق ۋاقتىڭغا،
ئىككى مولۇق ماركا پۇلۇڭغا.
مېنى يەنە ئۇزۇن يالغۇزلۇق
سۆيۈپ قويۇپ كەتتى سوغۇقلا.

يازمىساڭمۇ بولاتتى ئاخىر،
سېنى نىچۈن بۇيرۇي ئەيىبكە؟
ساراڭ ئىكەن ئەسلى ئادەملەر،
ئايان بولدى ھەممە بىھۇدە.

مەن ھېلىمۇ بۇ سوغۇق ئۆيدە،
ئولتۇرىمەن ئورۇندۇق ئوخشاش.
تۆكۈلمىدى تېنىمدىن خازان،
ئىللىتمىدى باغرىمنى قۇياش.

1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاتۇش



# بىر كۈنلۈك بىھوشلۇق

بىز ئىككىمىز يات ئادەمدەكلا
ئۇدۇل كېلىپ كەتتۇق ئۆتۈشۈپ.
قاراڭغۇلۇق باسقان ئەتراپنى،
سېسىماقتا تېنىم كۆيۈشۈپ.

لەنەتگەردى ئۇزۇن شۇ كوچا
تىلدى يەنە يارا ئاغزىنى.
تەسەللىگە موھتاج ئىدىممەن،
ئاھ، تىل سېلىپ ئۆتكىنىڭ قېنى؟

چۈش بولماقتا سەنسىز ھاياتىم،
قەبرىستاندىن بەرگۈچى خەۋەر.
چۈشۈپ قاپتۇ سول پاي ئايىغىم،
سەزمەپتىمەن كەچ كىرگەن قەدەر.

1995 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاتۇش



# كىشىلەر ئارا

ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى بىر ئادەم،
سۆزلەشكۈم، سىرداشقۇم كەلدى شۇ قەدەر.
خالىسا قولىنى سىقاتتىم مەھكەم،
خالىسا كېتەتتىم بولۇپ ھەمسەپەر.

سورىماس ھېچ كىشى مەندىن بىرەر رەت،
نېمىشقا سەن مۇنچە مۇڭلۇق، پەرىشان؟
دەردكە دەرد بولمىسۇن دەمدىكىن ئۇلار،
ياشىماق ئاسانمۇ سۆيگۈسىز ھەر ئان.

ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى بىر ئادەم،
ئالدىراپ كەتتى ئۇ، يۇتتى قارىسى.
يىراقلاپ كەتمەكتە ئادەملەر مەندىن،
يىراقلاپ كەتمەكتە كىشىلەر ئارىسى.

1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاتۇش



# تەقدىردىن

خوشلاشقان شۇ ئاخشام قايغۇردۇم ئۇزاق،
رەنجىشىم نەھاجەت سەندىن، تەقدىردىن.
بۇ كەچمۇ ئۇيقۇسىز بولدۇم پەرىشان،
ئۆلۈپلا تۈگەشسەم، بۇمۇ تەقدىردىن.

تىۋىنىپ ئالدىڭغا بارغۇم كېلىدۇ،
بارالماي زارلىنىشىم سەندىن، تەقدىردىن.
ئەتىمۇ قاۋاقتىن قايتارمەن غەرق مەست،
خەق ئۇرسا، ھەق ئۇرسا بۇمۇ تەقدىردىن.

توختىماي ئىگىز- پەس سۆزلەيمەن گاھى،
بىر ۋەھى بولغاندەك سەندىن، تەقدىردىن.
دوستلىرىم ئەقلىدىن ئاداشقان دەيدۇ،
مەن سەندىن ئاداشقان- بۇمۇ تەقدىردىن!

1995- يىل 4- ئاينىڭ 11- كۈنى، ئاتۇش



# يامغۇرلۇق كۈن

بەك سىم ـ سىم تۆكۈلەر شىرىلداپ يامغۇر،
ياپيېشىل بىر جاھان، ھاۋا ساپ تازا.
كۆز چاقار ھەممە ياق بولۇپ بىر قوۋناق،
قۇلۇلە يانغاندەك سۈزۈك ئايدىڭدا.

كەچ بولسا ئۆيۈمگە قايتارمەن يەنە،
كۈتمەكتە يالغۇزلۇق، ئىشلار بى ساناق.
بىر نۆرە ئىدىغۇ تويۇم بولسىمۇ،
چاي قۇيۇپ يېنىمدا ئولتۇرساڭ ئوماق.

مەن لەمپە ئاستىنى قىلمىدىم پاناھ،
تاماشا قىلىشقا ئەپلىكتۇر بۇ يەر.
(ئاھ، كۈنلۈك كۆتۈرگەن سەتەڭ قىزلاردىن،
ياۋروپا، ئافرىقا، قوشنا ئەل قەدەر).

1995 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئۇچراشقان جايغا بېرىش

مەن كەلدىم ئىككىمىز ئۇچراشقان جايغا،
قېنى ئاھ، تۇرغىنىڭ كۆلۈپ ئالدىمدا؟
يېقىنلا يەردىكى بۇلاق بوغىنىقان
ھالىمنى بۆلۈشۈپ ئالدى چامىمدا.

بىر جۈپ قۇش كۆك بويلاپ ئۇچتى پۇررىدە،
ئورمانلار سۈكۈتلۈك تۇرار جىممىدە.
چىمەنلەر شىۋىرلاپ سورىدى سېنى:
«نېمىشقا سەن بىلەن كەلمەيدۇ بىللە؟»

ئەزىزىم يەنە بىر خوشلىشايلى بىز،
يا قايتىپ كېتەرمىز ئۇچراشقان جايغا.
يا مەڭگۈ شۇم تەقدىر ئالار ئىلكىگە،
ئەتە كەچ ساقلايمەن خوشلاشقان جايدا.

1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاتۇش

# ئاھ، مەندەك قەدرىڭنى بىلمەيتتى ھېچكىم

سەن ھازىر قەيەردە، قايسى بىر ھالدا؟
تەلمۈردۈم، ئاھ ئۈردۈم، كۈتتۈم بىر خەۋەر.
ئۇ كۈنلەر ئاجايىپ سۆيۈملۈك ئىدىڭ،
ئۇ كۈنلەر، تۈنلەرمۇ ــــ باھار، تاڭ سەھەر.

چىرايلىق شۇ تۇرقۇڭ كەلسە ئېسىمگە،
يۈرىكىم ھازىرمۇ بولۇر لەختە قان.
ئاھ، مەندەك قەدرىڭنى بىلمەيتتى ھېچكىم،
ئىزدەيمەن كېتىشكە ئادەمسىز ماكان.

بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە جۈدىدىم بىر ئاز،
ئۆزۈمنى بەزلەي مەن، باساي ھەم قانداق؟
ئاڭلىسام ئۆتەركەن تويۇڭ مەيسى،
كەچ كۈزدە ئىشىكىمدىن ئېسىپ قوڭغۇراق.

1995 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ساراڭ

ئېرەنسىز، بەك غەمسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى،
كۆز تاشلار ھەممىگە مەست، بىپەرۋا.
ئۇنىڭچە ھېچنىمە سۆيگۈ، دەرد ـ ئەلەم،
بىر ئوماق، پاك، سەبىي بالىدۇر دۇنيا.

چۈشەنمەس نىمە ئۇ ياشاش ۋە ئۆلۈم،
بەربىر ئوخشاشتۇر ھايۋان ھەم ئادەم.
قارىساڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان،
شۇندىمۇ خاتىرجەم تاشلايدۇ قەدەم.

ئېزەلمەس، ئېھ، ئۇنى ھاياتلىق غېمى،
توي قىلىش، توي كۈنى كىيىنىش قانداق.
يەر تەۋرەپ، كەلكۈن كېلىپ ئاپەت بولسىمۇ،
بىر خىللا ھېجىيىپ قويىدۇ شۇنداق!

1995 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئەتىگەن سائەت يەتتە

ئۇزۇن بىر مۇساپە باشلاندى قايتا،
يۈدۈشكە مەجبۇرمىز ھايات يۈكىنى.
يالىڭاچ بۇ ھالدا ئۆلگۈم بار ئەجەب،
كېيمەيلا ئايىغىم، شىمىم، بۆكۈمنى.

ئەنە ئاھ، نەيزە بوي بولۇپتۇ قۇياش،
نۇرلىرى پەنجىردىن كىردى سوزۇلۇپ
بىر چاپقۇر جاللاتنىڭ قىلىچى ئوخشاش.
ئالدىراپ كىيىنمەك كېرەكتۇر ئەمدى،
تارانماق، يۈز يۇيماق، يەنە چاي ئىچمەك.
ئون مىنۇت خىزمەتكە كېچىكىپ قېلىش،
بىر قاپ سىگارتقا زار بولۇش دېمەك...
نە ئامال؟
ئاستىلا باسىمىز قەدەم،
بىر مەھبۇس تۈسىدە ئېچىپ ئىشىكنى،
كەچكىچە ئاراملىق بولمايدۇ بىردەم.

شۇنچىلىك شاپاشلاپ ئېرىشكىنىمىز،
بىر قەدەم ئالغانغا ئەرزىسە نېمە؟
ئاجىزلىق، ناخۇشلۇق مەن بىلەن كەتسۇن،
باتۇرلۇق تىلەيمەن دوستلار سىلەرگە.

1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاتۇش

## ئون بەش ياشلىق ئاننا ئاخماتوۋا

مايسارەڭ شۇ كۆپكۆك كۆزلىرىڭ ئىچرە،
ئەقىلنىڭ نۇرلىرى تۇرۇپتۇ پارلاپ.
تۇرۇپسەن ئالدىمدا كۈلۈپ، جىلمىيىپ،
يىگىتلىك ئۇرغۇغان بەستىمگە قاراپ.

بىلەمسەن بۇ يىل كۈز تويۇم بولىدۇ،
مەن باغاق يازىمەن دوستلارنى چىللاپ.
ئەڭ نەپىس بىر باغاق ئىلىپ قويدۇم ساڭا،
ئاتايىن ۋوتكىمۇ قويىمەن ساقلاپ.

چىرايلىق بولسىمۇ مەن سۆيگەن شۇ قىز،
چۈشەنمەس سىنىڭدەك، نىمە ئۇ شىئىر؟!
ئۇنىڭچە ماشىنا، كىيىم ۋە ئالتۇن
هاياتنىڭ مەنىسى ئىمىش بىردىنبىر.

1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاتۇش



## شېئىرلىرىمغا مونولوگ

ئازراق چېكىنگىلار قەلب ئىشكىمنى،
ئۇ ھەسرەت چېكەلمەس يەنە كۆپ قېتىم.
قەدىرلىك بولسمۇ شائىرلار شۇنچە،
بىر قىزنىڭ ئالدىدا خازاندۇر قەدرىم.

ئېرىششىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم مەڭگۈ،
ئۆزۈمدە يوق بولغان پۈتكۈل نەرسىگە.
ئادەملىك ھەققىدە ئىزدەندىم قاچان،
شۇ كۈندىن بەندەمەن دوزاخ ئىچىگە.

ۋارقىراپ تاشلايمەن چىدالماي بەزەن،
(يوقالسۇن پاراسەت، ياشىسۇن دۆتلىك!)
بەك بالدۇر چۈشىنىپ ئالغاچ سۆيگۈنى،
چۈشەنگەچ قانداقچە بولىدۇ ئەرك.

مەيلى ئۇ ئادەملەر شەھەر يا قىشلاق،
ئوخشاشلا بىر دوزاخ قىسمىتى ماڭا.
ئاھ، شاللاق قىزلارنىڭ سۆيۈشلىرىدەك
يۈرىكىمنى قاتتىق قىپ قويغان بۇ دۇنيا.

1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاتۇش

# كېچىدە يالغۇز شەھەر ئايلىنىش

بىرلا ئۆزۈم قالغان دۇنيادا،
خوجايىنمەن گويا ھەممىگە.
ھېچكىم مېنى قىلمايدۇ خاپا،
مۇھتاج ئەمەس مەن ھەم ھېچكىمگە.

شەھەر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن
كۈندۈزدىكى ھارغىنلىق بىلەن.
ئاسان ئەمەس ياشاش ئۇنچىلا،
تەنھالىقمۇ جانغا جاپاكەن.

مىنۇۋېلىپ ۋېلسىپىتىمغا،
سول قول بېسىپ ماگسامىمۇ بۇ ئان،
چاقىرىپ قويماس كوچا ساقچىسى،
ھەممە قەدرىم قىلماقتا بايان.

ئەمما خىيال قىلىپ قويدى خامۇش،
ئۆتكەن كۈنلەر كەچمەكتە ئەستىن.
ئىنسان قەدرى بۇرچ، ۋىجدانىدا،
ئەمەس بەلكىم ھوقۇق، خىزمەتتىن.

ساۋاقداشلار ئامانمۇ سىلەر؟
ئامان- ئېسەن بولۇڭلار دائىم.

شائىرىڭلار بولدى باجگىر،
بولالمىدى ئىسىت، مۇئەللىم!

1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاتۇش



# قۇتلۇق كۈن

ئاقۇشرەڭ بۇلۇتلار سۈزۈك ئاسماندىن،
تەبەسسۇم ئىلكىدە كۆز تاشلار ماڭا.
دەريالار شوخلىنىپ ئاقار دولقۇنلاپ،
مۇبارەك، مۇبارەك دېگەندەك گويا.

بىر ماڭا نۇر سەپكەن كەبى قۇياشمۇ،
ئالتۇنرەڭ نۇرلارغا تولۇپتۇ گەۋدەم.
قارايمەن كىشلەرگە مۇھەببەت بىلەن،
تاغلارغا، باغلارغا، ئېقىنلارغا ھەم.

بىر تاتلىق ۋاڭ - چۇڭغا تولغاندۇر ئەتراپ،
قۇشلارمۇ قوشۇلۇپ ئېيتماقتا ئۆلەن.
مەن گويا شاھزادە، گويا بىر ئەلگە،
مولچىلىق، مەرىپەت، شادلىق ئېلىپ كەلگەن.

شۇ چەكسىز بەختلەر مېنىڭكى ئەمدى،
نەقەدەر يېقىشلىق بولۇپ كەتكەن دۇنيا.
مەن ئۈچۈن يارالغان بۇندىكى ھەممە،
ھەممىسى ئېلكىمگە ئۆتكەندۇر گويا.

مېنىڭمۇ چوپ - چوڭلا يىگىتلىكىمنى،
چۈشەندى بۇ ئالەم، بىلدى ئادەملەر.

بىپايان باغرىدا ئۇچتۇم ئاسماننىڭ،
بىشىدا كۆتۈردى يەنە ئانا يەر.

1995 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئۈچ ئىنىم

ئۈچ ئىنىم ھەر كۈنى كېتەر مەكتەپكە،
ئاھ، ئۇلار نەقەدەر غەمسىز، بەختلىك.
باش باھار سەھەرىدەك خۇشال، بىغۇبار،
ئەسسالام گۆدەكلىك، سالام، گۆدەكلىك.

ئىشتانىسىز يۈگۈرۈپ يۈرگۈم كېلىدۇ،
شۇ كۆپكۆك چىۋىقنى قىلىپ ئارغىماق.
بالىدەك چۈشلەرنى كۆرىمەن ھەر تۈن،
چوپچوڭلا يىگىتمەن، بىراق بەك سالماق.

چۈشەنمەس ھەسرەتلىك قەلبىمنى ھېچكىم،
بىلمەس ھەم نېمىلەر ئويلاپ يەتتىم مەن.
ئەقىل ئۇ خەلققە ياراشقان بىلەن،
ئەمما بىر شەخسكە دۈشمەن نېمىكەن.

ئاھ، قولۇم تۇتمايدۇ، پۇتۇم باسمايدۇ،
قوقاستا ماڭغاندەك تاشلايمەن قەدەم!
كەل شائىر ئاغىنەم ئابلىمىت تۇردى،
دەرد ئىچرە ئۆلپەتداش بولغىلى بىردەم.

قەدىرلىك ئەمەستۇر شائىرلىق ئۇنچە،
ياشالماي قويىمىز ئەمما شېئىرسىز،

قارىغاينى ياشناتقان تۇپراق ئەمەسمۇ،
ياشالماس ھەتتاكى قۇشلار ماكانسىز.

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاتۇش



# قول

ھۆسنىمىزگە ھۆسن قوشتى شۇ قول تەڭداشسىز،
شۇ قول بىزگە بېغىشلىدى غايەت زور قۇدرەت.
ھەممە شەيئى ئالدىمىزدا تەسلىم قىلدى جان،
باش ئەگدى ھەم شۇنچە تەلۋە، تىلسىم تەبىئەت.

شۇ قول بىزگە ئېلىپ كەلدى كۆپتىن- كۆپ ھەسرەت،
شۇ قول بىلەن پۈتەر قىزلار ھىجران مەكتۇپى.
ئەجەبلەنمە باش ئۈستۈڭدە ئايلانسا بەزەن...
نېمىدۇر ئۇ گېلىمىزنى سىققان ئەسەبىي؟

شۇ قول بىزگە بەردى يەنە چەكسىز مۇھەببەت،
شۇ قول بىلەن گۈزەل بولدى، نۇرلاندى ئالەم.
سۆزلە قېنى قاي قىسمەتكە ئەسىرسەن بۇئان؟
يول بويىدا خىيال سۈرۈپ تۇرغان ئەي ئادەم.

شۇ قول بىزگە ئېلىپ كەلدى خۇشاللىق، گاھ دەرد
ياشاپ كەلدۇق ئۇشبۇ ھالدا ئۇزاق زاماندىن.
نىچۈن بىرلەر ئەزىز بولدى، بىرلەر خار- زەبۇن؟
يارالمىغان سەن يا ئالتۇن، مەن لاي تۆشەكتىن.

شۇ قول بىلەن ئۆلتۈرۈشكەن قېرىنداشلار بىز،
بىر- بىرىمىزنى باغلاپ كەلگەن دارنىڭ ئالدىغا.

چۈشەنمەيسەن كىچىك ئىنىم بۇ قول دەردىنى،
ئاھ، ئۆتۈنەي مۇنداق خۇنۇك قارىما ماڭا.

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاتۇش



# ئادەم ۋە هايۋان

كۆلۈمسىرەر كۆك ئۆزرە قۇياش،
قۇشلار ئەجەب سايرايدۇ خۇشال.
ئېھ، باھارنىڭ مەيىن شامىلى،
دالىلاردىن ئۆتەر بىمالال.

نېمىشقا مەن سۈرگەنچە خىيال،
ئاھ ئۇرىمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق؟
سۇدا ئەركىن ئۈزەر بېلىقلار،
يايلاقتا قوي، كالا، ئارغىماق.

قايغۇسى يوق بەلكىم شۇلارنىڭ،
كېتەر نەگە بارغۇسى كەلسە.
مەندىن سورا نېمە مۇھەببەت؟
مەندىن سورا نېمە دەرد ـ ئېسە؟

1996 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاتۇش



# گاڭگىرىغان بالا

ئۇزۇن، ئۇزۇن خىيالدىن كېيىن،
بولۇپ قالدىم يەنە پەرىشان.
قېچىپ كەتكۈم كەلمەكتە ئۆيدىن،
نېمە مەنچۇن بولۇر قەدىردان؟

يېرىم تاللا شامدۇرمەن بۇ دەم،
يېقىپ قويغان ئايسىز كېچىگە.
ھەممە نەرسە سوئالدەك ماڭا،
يامان سوئال پۈتكۈل شەيئىگە.

ئېڭىكىمنى يۆلەپ شۇ ھالدا،
يىغلىۋەتكۈم كەلمەكتە بىر پەس.
ئاھ، ياشاشتىن سەۋەب نېمىدۇر؟
بۇ ئولتۇرغان مەنمۇ، مەن ئەمەس؟

ئىشىنىمەن ئادەم مەن ھامان،
مەۋجۇتلۇقۇم ئەمما گۇماندا.
يولۇچىنى ئۇچراتقانمۇ سەن؟
يول ئىزدىگەن قويۇق تۇماندا.

بولۇپ قالدىم ئۇزاقتىن شۇنداق،
چالا كەيپ بەڭگىدەك خامۇش.

ياكى مەندەك بولامدىغاندۇ
ئۆز توپىنى ئىزدەپ يۈرگەن قۇش؟

1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاتۇش



# قارايمەن ھەممىگە مەستانە بولۇپ

ياپيېشىل ئېتىزلار، باغلار، داللار،
بىر چەكسىز دېڭىزدۇر تۇرغان دولقۇنلاپ.
بەك مەيىن نەي ئۈنى كېلەر يىراقتىن،
سۇس تۇمان سۆرۈلەر تاغلارنى بويلاپ.

يىراقلاپ كەتمەكتە كۆزۈمدىن لەرزان
توپ - توپ قۇش كۆك بويلاپ قاققانچە قانات.
خۇش ساباھ پىچىرلار قۇلاقلىرىمغا
گوياكى سۆز ئېيتقان كەبى پەرىزات.

قارايمەن ھەممىگە مەستانە بولۇپ،
تەبىئەت ئەزەلدىن بىر گۈزەل دۇنيا.
دەريالار بىر قىزدۇر يالىڭاچ ياتقان،
ئېھ، يېشىل قىرغاقلار كۆك پەرتۇق ئاڭا.

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاتۇش

# قەلبىمدە

ئىزتىراپلىق ئۈنلەر بەك تولا،
ئايلىنالماي قالغان سادىغا.
بەلكىم پىنھان ياشايدىغاندۇ،
قالمىسۇن دەپ مېنى ئۇۋالغا.

باردۇر ئۇندا ئەڭ گۈزەل يەرلەر،
بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولمىغان؛
پاتقاقتىكى گۆھەر تاش كەبى،
پەقەت بەزەن بولىدۇ ئايان.

ئۇندا يەنە پايانسىز ئاسمان،
توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەرلەر،
ھەتتا ساراڭ كۆتۈرمەس خورلۇق،
باردۇر نۇرغۇن، نۇرغۇن نەرسىلەر.

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاتۇش



# يامغۇردىكى مەجنۇنتال

ئەجەب ئىللىق كۆرۈندۈڭ ماڭا،
يامغۇردىكى گۈزەل مەجنۇنتال.
سۆيگەن قىزىم بولدى ۋاپاسىز،
ئاھ، مەرھەمەت كۆڭلۈكىمنى ئال.

مېنى ۋەيران قىلدى مۇھەببەت،
ئۇزاق بولدى، چېكىمەن ئاھ- زار.
ۋاپاسى يوق مۇشۇ ئالەمدە،
كىممۇ ماڭا بولۇر ۋاپادار؟

بىز ئىككىمىز ئۇچراشقان بۇ دەم،
بىر نۇر ئۆتتى كۆزۈمدىن غىل- پال.
ھېلى سۇدىن چىققان پەرىدەك،
چاچ سىلكىيسەن ئەجەب مەجنۇنتال.

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاتۇش



# مەن — پىرومىتى

ئۆتتى ئايلار، ئۆتتى كۈنلەر، كۆپ يىللار،
بەنتىمەن ئاشۇ ھالدا ھازىرمۇ.
كۆتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئېسىدىن،
كاۋكاز ئەمەس ئۇنىدىن بۈيۈك بىر تاغمۇ.

قۇماي قۇشى جىگىرىمنى چوقۇسا،
قىشتا قار- مۇز، يازدا مۆلدۈر ئالدى جان.
ئوت بولمىسا قانداق يانار گۈلخانلار،
ئوت بولمىسا زۇلمەتتىدۇر بۇ جاھان.

گراكىل[1] پالۋان نەدە ئېزىپ يۈرگەندۇر؟
تېپىلدىمۇ ياكى ئالتۇن ئالمىسى؟!
ئوڭ قولۇمدا بەدىيانىنىڭ شېخى بار،
ئوت ئوغرىلاپ كەلمەكچىدىم مەن تېخى.

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاتۇش

---

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ نامى.

## كىتاب ئارقىلىق

ئايلاندىم دۇنيانى نەچچە، نەچچە رەت،
بىر كۆزۈم ئوت بولدى بىر كۆزۈم لىق ياش.
كۆپ قېتىم قەدەھلەر تولدۇردى ھەييام،
نەۋائىي دەردلىرىگە بولدۇم ئۈلپەتداش.

شۇ يىراق ئۆتمۈشنىڭ كىردىم قەسرىگە،
كېلەچەك ئالدىمدا بولدى نامايەن.
گاھىدا يىقىلدىم جەڭ ئاتلىرىدىن،
گاھىدا قامچىلاپ ئۆتتى چىڭگىزخان.

مەيلى ئۇ قىتئەلەر ياكى ئاي شارى...
ئۇ قەدەر سىرلىقمۇ ئەمەسكەن جاھان!
ئۆگەندىم نە ئۈچۈن ياشاشنى ئاخىر،
ئۆگەندىم كىم ئۈچۈن بولۇشنى قۇربان.

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاتۇش

# يىگىرمە بەش ياش

مەن بۇ يىل نىھايەت يىگىرمە بەش ياش،
ئەسلىدە باشقىچە ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەمدىلا ئۆگەندىم قانداق مېڭىشنى،
ئەمدىلا ھاياتقا كۆز ئاچتىم گويا.

ھەممىنىڭ كۆزىدە ئاياندۇر قەدرىم،
مەن ئۆلسەم ئاڭلىغان بارى تۆكەر ياش.
كىملەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ھاياتتا،
كىملەرنىڭ يولىغا بولارمەن قۇياش؟

ئويلىنىش ئىچىدە تۇرىمەن بۇ دەم،
ئۆزۈمنىڭ تاللىغان يولۇمغا قاراپ.
ئەمدىلا تۇپراقتىن بىخ سۈردۈم گويا،
چۆلدىكى بىر يۇمران گىياھقا ئوخشاپ.

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاتۇش

# قۇياش

قۇياش ئۇ پارلىدى يەنە تاڭ پەيتى،
چان بىرىپ مۇندىكى ھەر بىر ھاياتقا.
(ئاي شارى، يۇلتۇزلار ۋە يەتتە قىتئە،
ھەتتاكى ئاجىزە بىر تال قۇرتقا).

مايسىلار بوي سۇندى شۇڭا بىخ سۈرۈپ،
مۇزلىغان تاغلاردىن قىيان بولدى سۇ.
يۈكسەكلىك ھەققىدە ئويلايتتىم ھەر كەچ،
ئاخىرى چىقماستىن باساتتى ئۇيقۇ.

نىمە ئۇ يورۇتقان قارا تۈنلەرنى،
نىمشقا تاشلارمۇ يانار يالتىراپ.
چۈشەندىم ھەممىنى، چۈشەندىم ئاخىر،
كۆكتىكى پارلىغان قۇياشقا قاراپ.

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

# ساۋاقداشلارغا

ئوتتۇز دانە گۆھەر بىز گويا
بۇ ئۆلكىنىڭ ئوتتۇز يېرىدە.
ئىشەنگەندەك ئۆزۈمگە ھەردەم،
ئىشىنىمەن مەڭگۈ سىلەرگە.

مەرىپەتنىڭ ئوتتۇز مەشئىلى،
يانماقتىمىز ھەرجايدا شۇنداق.
ئىلىم بىلەن ئادەمدۇر ئادەم،
ئىلىم بىلەن مەۋجۇتتۇر تۇپراق.

ئىنسان قەدرى ئاياندۇر ئۇنىڭ
ھالال ئەجرى، تۆككەن تەرىدە.
ئوتتۇز دانە گۆھەر بىز گويا
بۇ ئۆلكىنىڭ ئوتتۇز يېرىدە.

1996 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاتۇش

## مەن يەنە...

مەن يەنە يىغلىدىم ئازاب ئىلكىدە،
كۆزۈمدىن سىرغىدى نەچچە تامچە ياش.
مانا بۇ ھەقىقىي بىلىش دۇنيانى،
مانا بۇ ھەممىنى چۈشىنىپ ياشاش.

ئۆزۈمنىڭ ھاياتى بىر تال دەرەختۇر،
ئازراقلا پەرۋىشتە بولۇر بىر ئورمان.
قۇرۇيمۇ، شاخلايمۇ، ئېيتە ھاياتىم؟
ئاھ، كۆڭلۈم بۇ مېنى قىلما دەرگۇمان.

ئەلنى دەپ سۆيگۈ دەپ تىككەن شۇ گۈللەر،
نە ئەجەب تاپانغا پاتسا بولۇپ تىكەن؛
ئۆزۈمچۈن بىر كۈنمۇ ياشاپ باقمىدىم،
شۇڭلاشقا مۇشۇنداق پەرىشاندىمەن.

1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاتۇش

# ۋېلسىپىت ئوغرىسى

ئوغرىلاندى يەنە ۋېلسىپىتىم،
ئوغرى ئۈچۈن ئىشلەيمەن بىر ئاي.
قەرز سوراپ يېلىناي كىمگە؟
قەرزىممۇ بار ئىدى بىر تالاي.

پۇل كېتەتتى ئۆيگە، قورساققا،
توي - تۆكۈنگە، ماركا ھەققىگە...
قېرىپ كەتتىم بىر ھەپتىدىلا،
كىرگەن كەبى يەتمىش يەتتىگە.

بۇ پاجىئە كېلىپ چىقتى نەدىن؟
ئوغرىدىنمۇ، مەندىن، زاماندىن؟
ئۈيلىمەن قاراپ ئۆزۈمگە،
گۆشسىز قايناۋاتقان قازاندىن.

1996 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاتۇش

# ئاتۇش شەھىرى

مەن، كىتابچى بوۋاي ئىككىمىز
بۇ شەھەردە ھەرنە ئەمەسمىز.
يېمەك - ئىچمەك، ئۇندىن ئۆزگىگە،
يەتمەس ئەسلا خىراجىتىمىز.

تاشتەك قاتتىق تۇرمۇش بېسىمى،
باغلاپ قويغان ھەممىنى پۇلغا.
مازىقىغا قېلىش دۇنيانىڭ،
كىتاب كۆتۈرۈپ مېڭىش كوچىدا.

قىستا - قىستاڭ شەھەر يوللىرى،
تولۇپ كەتكەن سەرخىل ماللارغا.
كىتاب بەرسەم ھار ئالمىسۇن دەپ،
پايپاق سوۋغا قىلدىم يارىمغا.

1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاتۇش

## قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

ئىزدىدىم بەك ئۇزۇن بىر پەرىشتىنى،
بىلسەممۇ ئۇچۇرما بولغانىنى نىكەم.
ئەنە ئۇ مەن تامان كەلدى يېقىنلاپ،
مانا ئۇ يېنىمدا ئولتۇردى بۇدەم.

ئۆتمەكتە ئالدىمدىن كۆنلەر دېڭىزى،
خۇاسىڭ مېغىزى ۋە ئاچچىق هاراق.
بەش يىللىق شۇ ئالىي مەكتەپ هاياتىم،
بىلىم دەپ، شېئىر دەپ يۈرگەن ئاچ قورساق.

بىر مەجنۇن شائىرمەن، خىيالغا پەۋەس،
تاپقاندىن يۈتتۈرگەن بەختى بىهېساب.
ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ ستۇدېنت قىز،
نېمىنى ئىزدەيدۇ كۆزۈمگە قاراپ؟

ۋاقىت ئۇ تېنىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىلىپ،
پاتماقتا غەرىبكە قۇياش بىلەن تەڭ.
يېزىقسىز قالغاندەك بىر پارچە شېئىر،
ئۈزۈلۈپ قالدىڭسەن خىيالىم ھەتتەڭ.

چىرىتكەن، رام قىلغان ئويۇن- تاماشا،
ئويۇنغا خۇشتار بىر ئەجەب مىللەت بىز.

بوشقىلا ئۆتكۈزدۈم پۈتۈن بىر كۈننى،
خەير- خوش ئەسلىمە، ئەي ستودېنت قىز.

1996- يىل 6- ئاينىڭ 8- كۈنى، قەشقەر



# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزا،
ئىچىنىشلىق زارلايدۇ گويا.
گاھى لەيلەپ چۈشسە خازانلار،
كۆتۈرىلەر قۇشلار ھاۋاغا.

شەمشەر سۇرسە قۇم تاشلارغا ھەم،
ئەمدى تىلى چىققان بىر بالا.
تۇن يېرىمدا ئۇلغايغان شامال،
قىسىلىپ ئۆتەر قەبرىلەر ئارا.

كۈي بولىقى گويا ھەر يۈرەك،
ئوقچۇپ، ئوقچۇپ چىقىدۇ ئارمان؟
چاقماق چاقار، ھاۋا گۈلدۈرلەر،
تاغ - تاشلارنى ئېقىتار توپان.

1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاتۇش



# ئىنسانلىق سۆيگۈسى

ئىنسانلىك سۆيگۈسى باستى يەلكەمدىن،
بەختتەك قىلاتتى بىر هايۋان بولماق.
مەن گويا مىڭ يەردە مىڭ بىر ئادەممەن،
تۈگىمەس ئىشلارغا بولۇپ پاتپاراق.

ئاھ، خىزمەت... ئائىلە... كۈندىلىك گېزىت...
دوستلۇق... ئالاقە... ئىزدەيمەن سېنى...
ھەر كۈنى ئالمشار تاڭلار يېپيېڭى...
ئامبۇردەك قىسىدۇ، قىستايدۇ مېنى.

يۈگرەيمەن بۇ بىر توپ ئاپتوموبىل ئارا،
بىر تەلۋە ھەم ھوشسىز مەجنۇندەك گويا.
بىردىنلا ھەممە دەرد تۈگەيدىغاندەك،
شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسەملا.

1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاتۇش



# بىز ياشلار

بىز ياشلار بىز كۆتۈرمەكتىمىز،
تەنلا ئەمەس روھنىڭ يۈكىنى.
كۆرگەنمۇسەن، تاغلار گۈمۈرۈلۈپ،
باسقىنىنى يانتاق ئۆتىنى؟

ئۇ تاشلارنى ئىرغىتىپ تاشلاپ،
يول تاپىدۇ مۇشكۈلات ئارا.
ئاھ، بىر پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن،
جەڭ ئېتى بىز چاپچىغان گويا.

قايتمايمىز ئېرىشكەن قەدەر،
بىزگە مەنسۇپ پۈتكۈل نەرسىگە.
كېرەك بولسا كىرىمىز مەغرۇر،
يالقۇنجىغان ئوتنىڭ ئىچىگە.

1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاتۇش



# سەيلە قىلىش

قانداق يەردۇ ئامېرىكا دېگەن؟
چۈشۈمدىكىدەك بېرىپ باقسام بىر.
مۇشۇ ياۋاش مىجەزىم بىلەن
بولارمەنمۇ مەنمۇ مىليونېر؟

بىر رېتىمدا چىكىلداپ سائەت،
بولۇپ قالدى ئەنە ئون يېرىم.
خىيالىدا شائىردەك ياخشى
سەيلە قىلىپ يۈرەلمەس ھەركىم.

ئاددىيغىنا بۇ تۆت تام ئىچرە،
دەم لوندوندا، دەم پارىژدىمەن.
ھەممە قاچار بەختسىزلىكتىن،
كىم مېنىڭدەك بەختلىك ئىكەن؟

ئاستا ـ ئاستا قىسقارماقتا تۈن،
ۋاقىت كېتەر خىيال سۈرمەككە.
قەدىناسىم، تېلېۋىزورنى ياپ،
كېچىكمەيلى ئەتە خىزمەتكە.

1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاتۇش

# ۋىسالغا سېغىنىش

شۇ ئۇزۇن يوللارنى يۈردۈم ئىلىنىپ،
سېنى ئالدىمدىن كېلىپ قالارمۇ دەپ.
ئەندىكىپ كەينىمگە قارايمەن پات- پات،
سېنى ئارقامدىن كېلىپ قالارمۇ دەپ.

بىردىنلا ئالدىمدا بولۇپ قالساڭ پەيدا،
ئويلاپمۇ قويمىدىم نېمە دېيىشنى.
بىلمەيمەن يىغلىشىم، كۈلۈشىمنى يا،
جىمجىتلا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قېلىشنى.

بۇ مېنىڭ بەختىمگە ئېچىلغان گۈلۈم،
كۆپ ئۆتمەي تىكەنگە ئايلاندىڭ ئەجەب.
ئۆتمەكتە... گوياكى ھەربىر يولۇچى،
ئاھ مېنىڭ ئۈستۈمگە ئۆتكەندەك دەسسەپ.

1996- يىل 9- ئاينىڭ 2- كۈنى، ئاتۇش



# خەير- خوش، مۇھەممەتجان سەيدۇللا

قارىسام مۈرەڭگە بوغچاڭ ئېسىلغان،
مەكتەپكە ماڭدىڭمۇ، ئەي بىغەم بالا؟
بۇ غەمكىن ئاۋازلار مېنىڭكى ئەمدى،
مەن دالا بولسام گەر يىغلايدۇ دالا.

ھەر قېتىم ئاستىڭدا تال- چىۋىق ئېتىك،
ئايانسەن بىر مەغرۇر شاھزادە كەبى.
ئەمدىچۇ، مېنىڭدە يۈكسەك قايغۇلار،
نېمە ئۇ ئائىلە، مۇھەببەت غېمى؟

نۇر ياغار شۇ كۆزۈڭ، ئۇششاق سۆزلۈكۈڭ...
خەير- خوش، خەير- خوش، ئەركىن بالىجان.
ئىنسانلىق مۇھەببەت، ئىنسانلىق كۈلپەت
قىسماقتا، سۆڭىكىم غىچىرلار بۇ ئان.

1996- يىل 9- ئاينىڭ 24- كۈنى، ئاتۇش



# «يېڭى زېلاندىيىدىكى ئافىن دەرياسى»

بىر چۇش كۆردۇم يات ئەلدىكى دەريا[1] ھەققىدە،
ئىھ ئەزىزىم، ئۇندا سۆيگۈ ھەم ھايات قوۋناق.
يېرىم يالىڭاچ، نەمخۇش چىمدا ياتساق سوزۇلۇپ،
قۇياش نۇرى ئۇستىمىزگە چۇشەرگىن قانداق؟

ئۇ بىر دەريا قىرغاقلىرى گۈزەل گۈل- چىمەن،
يۇر ئەزىزىم، ئېلىپ باراي سېنى ئۇ تامان.
چۆل شەھەرنىڭ تۇندەك ئۇزۇن ئاسفالت يولى،
لالما ئىتتەك ئىككىمىزنى، چارچاتتى بۇ ئان...

زىلال سۇلار قىرغاق بويلاپ ئېقىشى مەيىن،
چاقنارىيېشىل گىلەم كەبى نۇرلانسا قۇياش.
نېمە ئەمدى مۇنچە بوغۇق چىقار ئاۋازىم؟
نېمە ئەمدى مەڭزىڭدىكى ئىككى تامچە ياش؟

ئۇ بىر دەريا قىرغاقلىرى گۈزەل، گۈل- چىمەن،
يىراقلىرى كۆكنى سۆيگەن ياپيېشىل ئورمان.
قىز- يىگىتلەر ھەر دەم خۇشال ئىچىشەر پىۋا،
توپ- توپ كەپتەر قول، بېشىغا قونۇپ ئېلىشار.

---

① «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995- يىل 2- سانىدىكى شۇ ناملىق سۇرەتكە قاراپ يېزىلدى — ئاپتور.

ئۇلار ناخشا ئېيتار شۇنچە خۇشال، بىمالال،
كۆكتە كۈلگەن قۇياش كەبى چېھرى نامايان.
روھى نامرات، ئۇستى نامرات بۇندىكى ياشلار،
ئاھ، ئۇلارنىڭ ئەسلىرىدىن كەچمەس ھېچقاچان.

1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاتۇش



# بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن

*(شائىر ئارسلاننىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)*

كۆزلىرىمىز بولار بولدى تۇم قارا،
نېمە ئەمدى توختىماستىن ئاقسا ياش؟!
قاراڭغۇلۇق باستى كېلىپ ئالەمنى،
قەبرە ئىچرە پاتتى يەنە بىر قۇياش.

بۇ بىر جازا كەلگەن بىزگە غايىپتىن،
بەلكىم يەنە پاتماقتىمىز گۇناھقا.
باسقان كەبى تاغلار كېلىپ يەلكەمدىن،
ئۆكسۈگەندەك قىلار باقسام ئەتراپقا.

بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، شۇم پەلەك،
قاي بىرىنى سۆزلەيلى بۇ تەقدىرنىڭ!؟
شائىر كەتسە دېيىش كېرەك يوقتىش،
كېتەر بىللە يېرىم ئەقلى بىر ئەلنىڭ.

ئاھ، كەتتى ئۇ، كەتتى قەلەم ۋە ئەلەم،
ئاققان ئىزى قالدى قارا كېچىدە.
ھۆركىرەيتتى بولۇپ گويا ئارسلان،
ھەر بىر شېئىر، ھەر مىسراسى ئىچىدە.

ئۇ سۆزلەيدۇ توسۇپ مانا يولۇمنى:
شائىرمۇ سەن؟
ئوغلۇق ئىنىم بېرى كەل.
كىتاب يازدۇق، ياتماقتىمىز ياستۇق قىلىپ،
نانچىلىكمۇ كۆرمەيدىكەن نادان ئەل.

1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاتۇش



# ئۆلۈم

سۆيۈپمۇ قالىمەن سىنى شۇ قەدەر،
سۆيگەندەك يارىمنىڭ گۈزەل چېھرىنى.
خالايمەن ئاھ، يەنە قاخشاپ ئاھ ئۇرۇپ،
مەڭگۈگە كۆرمىسەم دېيىشنى سىنى.

ئەمدىلا پارلىدى ئەقىل يۇلتۇزۇم،
كەينىمدىن ئەگىشىپ يۈرۈپسەن بىراق.
مەن يەنە باسىمەن ئۇزاق بىر مەنزىل،
مەن ئۈچۈن ئاھ، تېخى ئۇپۇقلار يىراق.

شىپىرلاپ تىنۋىشىڭ كېلەر ئەتراپتىن،
قەيەردىن كەلدىڭسەن، بارىسەن قايان؟
بىر كۈنى ھەممىنى قىلىسەن بەربات،
يارىمنىڭ ئايرىلىش خېتىدەك ھامان.

1996 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاتۇش



# شېئىر قەسىدىسى

سورىما مېنىڭدىن سۆيگۈ ھەققىدە،
مەن ئاشۇ گۈلزاردىن قېيدىغان ئادەم.
سورىما مېنىڭدىن ئادەم ھەققىدە،
ئۇ ئاشۇ گۈلزاردا توزىغان لالەم.

ئېتىقاد نېمە دەپ سورىساڭ ئەگەر،
شېئىر ۋە شېئىر دەپ بېرىمەن جاۋاب.
سورىما مېنىڭدىن ئالەم ھەققىدە،
زور يانغىن ئىچىدە تۇرىمەن قاراپ.

شېئىر ئۇ نېمە دەپ سورىساڭ ئەگەر،
شائىرنىڭ كۆكسىدىن تېشىپ چىققان قان.
بىر كۈنى ھەممە كۈچ كىرىپ قەبرىگە،
ئاشۇ قان ئىچىدە يۇيۇنار جاھان.

1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاتۇش



# چارشەنبە

ئىشىكىم ئالدىغا كېلىپ قالغان ئەجەل،
قورقىمەن بىمالال قەدەم بېسىشتىن.
ھېلىراق دوستۇمدىن كەلگەن بۇ خەتمۇ،
بېشارەت بەرمەكتە كۆڭۈلسىز ئىشتىن.

بىر يەردە ھادىسە يۈز بەرسە چوقۇم
مەن بولۇپ چىقىمەن ئۇندا يارىلانغان.
بىلمەيسەن، بۇ مېنىڭ بەختسىزلىكىم،
بەختسىز بۇ كۈنگە ئاتاپ قويۇلغان.

ئوخشاشلا بىر قۇياش، ئوخشاش بىر پەسىل،
ئوخشاشلا تەبىئەت ـــ ئوخشاش بىر ئالەم.
تۈنۈگۈن يا ئەتە كۆرۈشكەن بولساق،
ئايرىلىپ كەتمىگەن بولاتتۇق لالەم.

1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاتۇش



# بەخت

بىر كۈنى ئىشىكىمنى قىيا ئېچىپلا،
كىرمەستىن كەتكەندۇ قىيا بېقىپلا.
ئىزىنى بولسىمۇ ئۇچرىتارمەن دەپ،
نەچچە رەت ئۇمتۇلۇپ چىقتىم دالاغا.

شور، تىكەن دەستىدە يېرىلدى تاپان،
ئەڭ يىراق يۇلتۇزنى قىلغاندۇ ماكان.
ئېھتىمال بىلىشمەي كەتتۇق ئۆتۈشۈپ،
بولساقمۇ نەچچە رەت ئۇچرىشىپ قالغان.

نېمە ئۇ؟ ئوتمۇ، سۇ، ياكى بىر ئادەم،
ئىزدىدىم - ئىزدىدىم، چېقىلدى سەۋرەم.
ئەسسالام، تاش ئۇۋا هايات قۇياشى،
ئەسسالام ئەرزىمەس شائىرلىقىم ھەم.

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاتۇش



# شەھەر، كۆز ئالدىمدا...

چىرايلىق تاكسىلار يۈرۈشەر رەت- رەت،
ئەۋرەزدە ئىچىلغان گۈلدەك پورەكلەپ.
ئادەملەر ئۈنىڭدا ئولتۇرغان بىلەن،
ئادەملەر ئۈستىدىن ئۆتەر ئۇ دەسسەپ.

قىستىلاڭ بىنالار تىرىگەن كۆكنى،
ھەر قەۋەت بۆلۈنەر ئون بەش خانىگە.
ئويلايسەن، ياگرىسا توپلەي ئەۋازى،
ئاشنىسى كىم ئۈنىڭ، كىرەر قاي ئۆيگە؟

ھەممىسى شۇ قەدەر زۆرۈر- تەقەززا،
ئاي لامپا ،گاز لامپا، كىچىلىك كۈلۈپ.
ئادەملەر چىچىدىن كۆپتۇر سىرلىرى،
ھەتتا ھەر قەلبتە باردۇر بىر قۇلۇپ.

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاتۇش

# ئىككى ئۇيغۇر

بىرى غۇلجىلىق، بىرى ئاتۇشلۇق...
بىرى ئازغان، بىرى يارتۇغلۇق...
ئىككى ئۇيغۇر سوقۇشتى يەنە،
ئىت ئىپىدە، شۇنچە ئۇتۇقلۇق.

ئىككى ئۇيغۇر سوقۇشتى يەنە،
يەنە پىچاق تىقىشتى ئەنە.
ئاققان قانلار كىردى شۇرقىراپ،
تومۇرۇمغا، ئەۋرەز ئىچىگە.

ئۆچكەن كەبى يۇلتۇزلار كۆكتە،
تولغاندى يەر قىلغاندەك نالە.
ئاھ، يۈرىكىم يىغلىغىن ماڭا،
يىغلا سانسىز جاراھىتىڭگە.

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاتۇش



# ئاجىزلىق

كېچە ئاقار تومۇرلىرىمدا،
تۈن ئاسمىنى بولدى يېپىنچام.
ئوڭغا باقسام قىمىرلاپ قوڭغۇز،
بىر خازانىمەن سولۇمغا باقسام.

بىر تال قوڭغۇز قىمىرلار ئەنە،
بىر تال ياپراق ئۇچماقتا ھەريان.
بىرلا قوڭغۇز، بىر تال ياپراقنىڭ،
نېمىسى بار قىلغۇدەك بايان؟

سورا مېنى غېرىپ بولغاندىن،
باياۋاندىن كەلدىم ھېلىراق.
زەھەر ئىچەي ئۇسسۇزلۇقۇمغا،
بىللە كەتسۇن تېنىمدە پىراق.

1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئولتۇرىدۇ چال

توپا باسقان ساقال- بۇرۇتنى،
ئۆڭگەن يىرتىق ئۇستىۋاش بىلەن...
ئۆزىدىن بەتتەر تامغا يۆلىنىپ،
ئولتۇرغۇزغان نېمە ئۇنى سەن؟

ئۇ دۇئاغا كۆتۈرمەيتتى قول،
قالمىغاندۇ بەلكىم ئۇنچە ئاچ.
ئىڭىكى چۈشكەن ئۆلۈك ئاغزىدەك،
يېنىدىلا تۇرار جۈپ كالاچ.

بىر مەن ئەمەس ئۆتكەن ئالدىدىن،
ئۆتتى يارىم شۇنداق بىپەرۋا.
ئۆتتى ئۇمۇ، ئۆتتى بۇمۇ ھەم،
بولمىغاندەك ھېچ بىر ئىش گويا.

1997- يىل 2- ئاينىڭ 3- كۈنى، ئاتۇش

# بىر تال يۇلتۇز بولۇپ قالسام دەپ...

كۆككە قاراپ قىلىمەن ئارمان،
بىر تال يۇلتۇز بولۇپ قالسام دەپ.
يار تۇتۇشنى كىم قويار ماڭا؟
دەرت تارتماستىن بەلكىم ھەسسىلەپ.

كۆپ سېغىندىم سېنى بىۋاپا،
يىراقتىكى سىرداش دوستلارنى.
يىلدىكىدىن قىسقا كەلدى قىش،
ئىچ پۇشۇقىدا تۈنلەر ئۇزاردى.

كىم ئويلىماس ئۆزى ھەققىدە،
كەتسە تاشلاپ ھەممە، ھەممىسى.
چۈشكەن بىلەن نەرقى ئۇن، گۆشنىڭ،
كىتابلارنىڭ ئۆسكەن باھاسى.

1997 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاتۇش



# بۇ كېچە ئۆلۈمدىن بولسا بىر خەۋەر

قۇياش ئۇ، باش قويدى تاغلار كەينىگە،
ئويغاتما، ئۇزاقراق ئالاي مەن ئۇخلاپ.
بەختلىك ئاشىقلار يارى ئىشىكىدە،
ناخشىلار ئوقۇيدۇ بىلىمەن شۇ تاپ.

مەن ئۈچۈن مەيلى ئۇ باغلار، ئورمانلار،
چۆلدەرەپ قالغاندەك سىزىلەر گويا.
زۆھرەنىڭ سۆيگۈسى تاھىر قەلبىدە،
قانداقراق جاراھەت قىلىپتىكەن پەيدا!؟

بۇ كېچە ئۆلۈمدىن بولسا بىر خەۋەر،
«بەختلىك ئاشىق» دەپ يازغىن قەبرەمگە.
مەن ئۈچۈن دوزاختا ئايلاندىڭ، جىنىم،
بىلمىدىم قىلىشنى قانداق مەسخىرە.

1997 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاتۇش



# مەن ياشايمەن

دېگۈم كېلەر مىليون ئەسىر ياشىدىم،
ئۆتتى گويا شۇنداق ئۇزۇن بىر جەريان.
سوۋۇپ قالغان قېنىم نىكەم تېنىمدە،
ئۆچۈپ قالغان يۈرىكىمدە ھاياجان.

يىغلىغۇملا كېلەر باقسام ئاسمانغا،
قىلار قۇشلار جۈپلۈكىنى نامايان.
تام سائىتى سوقۇشىغا ئەگىشىپ
ئۆتەر يەنە كۆپ ئازابلىق بىر جەريان.

مەن ياشايمەن ئاشۇ بولساڭ ھاياتىم،
ئۆتكەن مەيلى قانچە ئېغىر كۈلپەتتە.
يارسىز يۈرگەن غەمكىن دوستلار قاتارى
بىر قىز ئۈچۈن بولۇپ يەنە غەم- دەردتە.

1997 - يىل، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاتۇش



## كۈتۈش

دېرىزەمنىڭ ئالدىدا ئۇزاق،
قاراپ تۇردۇم يىراق- يىراققا.
سېنى ھېلى كەلمەك بولدى دەپ،
خەۋەر بەرگەن شاماللار ماڭا.

سېنىڭكى دەپ ئويلايتتىم يەنە
سۇس ئاڭلانغان ھەر بىر تىۋشنى.
گويا بىرى ئىشىك چەككەندەك،
چاشقان غاجار قەغەز يېشىكنى.

كۈتكەنسەندۇ سەنمۇ ئېھتىمال،
غەمكىن بولۇپ مەنچۈن ئاھ ئۇرۇپ.
بەلكىم شۇڭا كەتتۇق ئايرىلىپ،
كۆپ سېغىنىپ كۆرۈشمەك بولۇپ.

1997- يىل 2- ئاينىڭ 27- كۈنى، ئاتۇش



# شەكىل

كىچىك بىر چەمبەرنى سىزدىم ئۆزۈمچە،
سىزدىم كاككۇك بولۇپ زەينەپ قۇشنى.
تەسەللىي بەردى ئۇ ئېچىرقىشىمغا،
باستى ۋۇجۇدۇمغا چۆل ھۇۋۇلىشىنى.

ئويلىساڭ شەكلى بار ھاۋانىڭ ھەتتا،
يىڭنە بولۇپ يۈرەككە پاتار دەرد ـ ئەلەم.
كۆزلىرىڭ يۇمۇلغان، ئېڭىكىڭ چۈشكەن،
قايسى بىر قەبرىدە ياتارسەن سەۋرەم؟

ئوخشىتىش مۇمكىندۇر ھەربىر نەرسىنى،
كىرگۈزۈپ ئويلىساڭ بىرەر شەكىلگە.
يوللاردا بىمالال يۈرسەممۇ مېڭىپ،
باغلانغان پۇت ـ قولۇم غەيرىي ئەقىلگە.

1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاتۇش



# ئازابلىق تانسا

زال ئىچى پىرقىرار، پىرقىرايتتىڭ سەن،
تانسچىلار پىرقىرار، پىرقىرار ئالەم.
مەن تامان پەرىشان بىر باقساڭ نېمە؟!
ئازماستىن ۋالىسقا يۆتكەيتتىڭ قەدەم.

ئىكەنسەن ئەسلىدە گۈللەرنىڭ شاھى،
ئاھ، بۈگۈن قىسلغان شۇ چېكەڭ باشقا.
نى- نى كۈلپەتلەردە نەم بولۇپ باقمىغان،
كۆزلىرىم سەن ئۈچۈن تولدى لىق ياشقا.

ھەممىسى شۇ قەدەر خۇشال، بىمالال،
قارىساڭ تەرك ئەتكەن پۈتكۈل خىيالنى.
مەن كالۋا بىر چەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ
تاماكا ئىسىغا تولدۇردۇم زالنى.

1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاتۇش

# سەھرادا بىر كەچ

پاقىلار كۈرۈلداپ ئېيتماقتا ناخشا،
شۇلارلا خاتىرجەم، شۇلار شادىمان.
كىمدۇ ئۇ يىراقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ؟
ئۆلۈۋالغۇم كەلگۈدەك مۇڭغا نەي چالغان.

ھارغىن شۇ تەنلەرنى تاشلاپ تۆشەككە،
دېھقانلار مەزگىلسىز كەتكەن ئۇيقۇغا.
يۈگۈردۈم مەن گويا بولۇپ يالاڭياق،
كۆك تىكەن گۈللىرى بويالدى قانغا.

تەئەججۈپ ئىكلىدە بۇدەم بالىلار،
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى قىلار تاماشا.
ئاھ، ئۇلار بىلمەيدۇ تېخى ھېچنېمە،
يالىڭاچ تىزلىرىنى چاقماقتا پاشا.

1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاتۇش



# تېلېفونلىشىش

— كىم بولىسىز، مۇھەممەتجان بارمىدۇ؟
— ۋەي، ۋەي، مەن شۇ، ئەلىمۇ سەن، تىنچلىقمۇ؟
— سۈرتۈۋەتمەك كېرەك ئىكەن ياشلارنى،
— يەر تەۋرىدى بۇندا يەنە بۈگۈنمۇ.

— بۇ يىل كۈزدە توي قىلاي دەپ ئويلىغان،
— شۇ ئەمەسمۇ بىر ئىنساننىڭ باھارى!
— قانداقراق، شۇ... ئىقتىسادتا ئازراق...
— ئۆز ئوقىدا ئايلانماقتا يەر شارى.

— خەير، ساڭا كۆپ گەپلىرىم بار ئىدى...
— كۆپ گېپىم بار ئىدى دوستۇم مېنىڭ ھەم.
— تېلېفون ھەققى... قويۇۋەتتىم... كەچۈرگىن...
— مەنمۇ ھېلى بىر دوستۇمغا تېلېفون... غەم...

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاتۇش



# مىيت ئۇزىتىش

ئېلىپ ماڭدۇق... تاۋۇتنى چاچار گويا نۇر،
ئۇ جىمجىت ئالەمگە قاراپ ئالدى يول.
ئاھ، ئۇنىڭ شۇ چەكسىز خاتىرجەملىكى،
بىر مېنى دۇئاغا كۆتۈرگۈزدى قول.

«نەپخورلۇق، ناھەقلىك، تەڭسىزلىك زۇلۇم»①
مىخ بولۇپ پاتالماس ئەمدى جېنىغا.
بۇ ھايات بېخىللىق قىلغان ھەممىگە،
ئويلىدىم: بىر يولى ئېرىشتى گويا.

ئاھ ئۇرماق نەجاھەت، ياش تۆكۈشمۇ ھەم،
رىيائىللىق بەربىر رىيائىللىق ھامان.
ئاھ، ئۇنىڭ شۇ چەكسىز خاتىرجەملىكى...
سېزىمەن شۇندىمۇ قەلبىمدە پىغان.

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاتۇش

---

① بۇ مىسرا ئارسلاننىڭ.

# ھېكمم نۇر

ئەگ سېسىق سۆزلەرنى ئاقتۇردۇم بىر- بىر،
چىقارمۇ بۇ پىغان قويغانغا تىللاپ؟!
تۇمشۇقى يۇندىگە چىلانغان ئەي ئىت[1]،
سەن ئەي ياغاچ پىچاق، ئەي لاتا غىلاپ.

ئېھتىمال گۆرۈڭدە تۇرغانسەن ئۆرە،
شۇ رەزىل ھاياتىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ.
بىر ئەلنىڭ باغرىنى قان قىلغان ئىبلىس،
سەنمۇ ھەم بىر كۈنى كېتەتتىڭ ئۆلۈپ.

قېنى ئۇ بىر ئەرنىڭ ۋىجدان- غۇرۇرى؟
ئەرلىكى بولسىلا قىلماس كۈپايە.
مەلئۇن ئۇ، مىڭ ئەسىر ئۆتسىمۇ مەلئۇن،
مەلئۇن ئۇ، ئۆلسىمۇ مەلئۇن مەڭگۈگە.

1997- يىل 7- ئاينىڭ 23- كۈنى، ئاتۇش

---

① شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئوت يۈرەك ياشلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە سېتىۋەتكەن ئەشەددىي مۇناپىق ھېكىم نۇرنى دېمەكچى.

# ئۆزلۈك

مېنى قارا ھىجرانغا تاشلا بىمالال،
مەيلى ئېلىپ كىرگىن قەبرىستان ئارا؛
ئەگەر يۆلىيەلمىسە روھ دەرەخلىرى،
ئۆزلۈكۈم ئىلكىدە كېزىمەن ساما.

ئۆلۈم ئۇ، ئاخىرقى مەنزىلىم ئەمەس،
ئەگىشىپ ماڭىمەن ئۇنىڭغا ھەر دەم.
مەن ئىككى ئادەمگە ئېيتتىم سىرىمنى،
گۆرۈمنى قازار بەلكىم سولدىكى ئادەم.

1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى



# چۈشىنىش

ئۆتكۈزدىم ھەممىنى كۆڭۈل كۆزۈمدىن،
تاسقايمەن ئۆزۈمنى، ئالەمنى شۇ تاپ.
ھاياتنىڭ يوللىرى تۈتاشقان ھەر يان،
بۇ مېنىڭ ئىزىمدا چېچەكلەر ئازاب.

بىر ساراڭ چوڭ يولدا ۋارقىرار ئەنە،
«ياراتقان ئاللادىن باشقا ئىگەم يوق».
ھەددىمۇ كۈلۈشكە ئۇنىڭ ئۈستىدىن،
ئۇنىڭ شۇ ئەركىگە قىلاي مەن قۇللۇق.

بىر ماشا تەئەللۇق پەقەت ۋە پەقەت،
ئىككىلا نەرسە بار مۇشۇ جاھاندا.
ئاھ، ئۇنىڭ ئىسمىدۇر ئازاب ۋە كۈلپەت،
سۆيگەن شۇ قىزىممۇ ھەتتا گۇماندا...

ئەتىمۇ خىزمەتتىن قايتارمەن يەنە،
روھسىز بىر ھالەتتە چەكسىز پەرىشان.
چىرايلىق پىكاپلار ئۆتەر يېنىمدىن،
ئۆزۈمدىن، تەقدىردىن قىلىمەن گۇمان.

قارىسام بىنالار كۆپتۇر شۇ قەدەر،
كۆزۈمگە ياش كېلەر ئۇيلىغانسېرى.

نامراتلىق، غېرىبلىق يارىشار ماڭا،
شائىرمەن، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر شائىرى.

1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاتۇش



## بىر ياپراق...

نېمىشقا ئاچقاندىمەن دېرىزەمنى؟
نېمىشقا ياپقاندىمەن دېرىزەمنى؟
ئايالىم رەنجىگەندە ئاندىن بىلدىم،
نېمىشقا چاققاندىمەن دېرىزەمنى؟

ئۆيۈمگە لىق تولدى مۇزلىغان هاۋا،
هۇشسىز بىر هالەتتە تۇردۇم بىر هازا.
ئۇزاق قىش كېچىسى گويا بىر ياپراق
تەمترەپ يۈرەتتى كوچىلار ئارا.

قار ياغار توختىماي، هەممىسى ئوخشاش،
گويا ئاق كېپەنگە ئورالغان تۇتاش.
پاناهسىز بىچارە، سەرگەردان بالا،
ئېھتىمال سەن بۇ يىل يەتتە - سەككىز ياش.

بىر ئوت بار قەلبىمدە يانماقتا پەۋەس،
بىلمەيسەن، ناهايەت... ماڭىمۇ بەك تەس.
ئادەمنىڭ قۇدرىتى چەكلىك دۇنيادا،
هېچنەرسە دۇنيادا پەقەت بىر ئەمەس.

1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاتۇش

## ئۆيلەنگۈم بار سەھرا قىزىغا

زەپ ئۇياتچان سەھرا قىزلىرى،
چېھرى ئىللىق، چەكسىز مېھرىبان.
يىسىڭگىدە كۈلسە قايرىلىپ،
بىر سىلكىنىپ توختايدۇ بۇ جان.

تۈندە يورۇق يانغان بىر يۇلتۇز
كۆز قىسقاندەك قىلسىمۇ ئاڭا؛
تەبىئىيلا گۈزەل چېھرىدە
سۇس قىزىللىق بولىدۇ پەيدا.

بەك مۇلايىم، كەمسۆز، پاك ۋۇجۇد،
قەلبىدىدۇر سۆيگۈ سىرلىرى.
ئوسما قويغان قېشى ئاستىدا
سۆزلەر ئۇنى شەھلا كۆزلىرى.

ئۇلار شۇنچە شەرمى ھايالىق،
ئەدەب- ئەخلاق گۆھىرى گويا.
سۆز تاشلايدۇ ئاڭا يىگىتلەر
زەپ ئۇياتچان خىيالى ئارا.

ئۆيلەنگۈم بار سەھرا قىزىغا،
چېچى قىرىق بىر تال ئۆرۈلگەن.

شۇلاردىكەن قىزلار زىننىتى،
شۇلاردىكەن گۈزەللىك، دېگەن.

1998 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاتۇش



# قار قەسدىسى

كۆڭلۈم ئەجەب قالار كۆتۈرۈلۈپ،
قار پەسلىدە بولغاندەك باھار.
قېۇرالدىمۇ بىزنىڭ جەنۇبتا،
جىمجىت تاغلار، ئورمان داللار.

قاردىن پومزەك ياساپ ئېتىشىپ،
ئوينىسام ئېھ، باللار بىلەن.
بۇ ھاياتنىڭ غەم- قايغۇلىرى...
بولسا كۆندە باللىق دېگەن.

قانداق گۈزەل، ئەزىز مەنزىرە؟
داللارنى قار قاپلاپ تۇرغان.
(پاكار ئۆيلەر، دۆڭلەر، ھەممە يەر،
قار ئاستىدا شېھىتلىكسىمان).

قارا، شىمال تاغلىرى ئارا،
ئېھ، ھېلىھەم ئۇچار شىۋىرغان.
قار ئاستىدا يېشىل قارىغايلار،
ئۇلار مەزمۇت قەيسەردۇر ھامان.

كۆڭلۈم ئەجەب قالار كۆتۈرۈلۈپ،
قار پەسلىدە بولغاندەك باھار.

قار پاكلىقىنىڭ سىمۋولى دەيمۇ؟
جەنۇبتا ئاز ياغقاچقىمۇ قار؟

1998 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاتۇش



# ساۋاقداشلار ئالبومى

ۋاراقلايمەن توختاپ بىر ھازا،
ھەر بىر بەتتە چەكسىز مۇھەببەت.
ئامانمۇسەن ياسىن، شىرئەلى؟
ئامانمۇسەن ئاينۇر، ھۆرىيەت؟

شائىرغا خاس خاراكتېر بىلەن،
كۆلۈمسىرەر بۇ بەتتە ئابلەت.
مېنى ئىنىم دەيتتىڭ ئەمەسمۇ،
ئەمدى چېچىڭ كالتە، سائادەت.

قوشۇمىسى مەھكەم تۈرۈلگەن،
مانا مەھمۇد، مانا بۇ تاھىر...
پاتىگۈلچۇ، ئۆزۈگچۇ تۇرسۇن،
نېمە كويدا يۈرىسەن ھازىر؟

ئېسىل ئارزۇ، ئېسىل خىياللار،
ئوتلۇق سۆيگۈ، ئوتلۇق ھەر تىلەك...
(ئاتۇشلۇقلار پۇللا دەيدىكەن)،
شېئىر دەرمۇ سەندىكى يۈرەك؟

ھەتتا شاھىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە،
تېگىشكۈسىز ئىكەن شۇ ھايات.

بۇ تۇرمۇشنىڭ شىۋىرغانلىرى،
تولغىتىدۇ، ئاھ، تىترەتتى قات ـ قات.

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاتۇش



# بالىنىڭ كۆزى

ئەجەبمۇ نۇرلۇق، ئەجەب چىرايلىق،
سېنىڭ بىر جۈپ كۆزۈڭ ئەي بالا.
يورۇر ئۇنىدىن تۈنىدىكى ئاسمان،
يورۇر ئۇنىدىن بىپايان دالا.

ئاشۇ كۆزلەر سۈزۈك بىر ئەينەك،
بار گۈزەللىك ئەيلىگەن جۇلا.
خىياللىرىڭ گويا ئۇچقان قۇش،
قەلبىڭ ئاپئاق ئەتىرگۈل گويا.

چوڭ بولۇشنى ئىستەمسەن سەنمۇ؟
خىزمەت، تۇرمۇش، ئائىلە ئارا.
قېنى ئاشۇ ئاپئاق ئەتىرگۈل؟
مېنىڭ ھارغىن كۆزۈمگە قارا.

تىگىشىۋەتكۈم كەلدى بارىمنى،
سېنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزۈڭگە.
ماڭا كېرەك بەخت ۋە سۆيگۈ،
ياق، قالدۇراي ئۇنى ئۆزۈڭگە.

1998 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# بىز ھەممىمىز بىر دۇنيانىڭ ئادىمى

بىز ھەممىمىز بىر دۇنيانىڭ ئادىمى،
قانداق ياخشى تەسلىم بولساق شېئىرغا.
ئۇندىن باشقا نېمە قالدى، كۆڭۈلنى
تولدۇرغىلى مۇھەببەتكە، باھارغا؟

ۋەتەن دەيمىز چېگرا ئايرىپ زېمىننى،
بىز ئۇنىڭغا قانلار كېچىپ ئېرىشكەن.
مۇشتۇملار بار چىلىڭ تۈگۈلگەن ھېلىمۇ،
چىشلار باردۇر دەرغەزەپتە كىرىشكەن.

يات، يوچۇنلار خۇي - پەيلىمىز، قەلبىمىز،
نىيەت، ئىقبال ئوخشىمايدۇ ھېچقاچان.
ئوخشار پەقەت يىغلىغاندا ئاققان ياش،
ئوخشار يەنە كۈلگەندىكى ھاياجان.

يانار ئەنە كۆكتە قۇياش ھەمدە ئاي،
ھەر تەرەپتىن تەڭ كۆرىمىز بىز ئۇنى.
ئۇنىڭ مەندە، مېنىڭ سەندە دەردىم بار،
بىز ھەممىمىز بىر دۇنيانىڭ ئادىمى.

1998 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاتۇش

## يامغۇردىن قېچىش

يامغۇر ياغدى شەھەردە ئاخىر،
كۆپ زارىقىپ كۈتۈشتىن كېيىن.
قاچتىم مەنمۇ كوچىدىن ئۆيگە،
ھەممە ئادەم قاچقاندىن كېيىن.

بىر جۈپ ئىتلا يۈرەر ئايلىنىپ،
ھەم يامغۇرغا يۈزىنى تۇتار.
ئەرلەر كۈچەپ تېپەر پىدالنى،
قىزلار ئارقىغا مىنگىشىپ قاچار.

قارا توپا، شېغىل يوللاردا،
بولۇپ كەتكەن پاتقاق، تېيىلغاق.
ھەممە ئادەم قاچار ئۆيگە،
(ھەممە يەردە بولمايدۇ ئۇنداق).

بىز ئىت ئەمەس، بۇ ھەم ھەممە يەر،
ئايىمىساق قىيار ھەر نەرسە.
بۇ بىرلا قۇر ئىش كىيىمنى،
ئەتە كىيىپ قويىمىز يەنە.

1998 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاتۇش

## چۈشىنىش

ھېچكىشى تەئەللۇق ئەمەس ھېچكىمگە،
مەن ئەمدى مۇشۇنداق ئويلايمەن جانان.
ئۆزۈمگە تەئەللۇق كۆزلىرىم بىلەن،
قاراپ ئاھ، شۇ مەغرۇر تۇرقۇڭغا ھامان.

كۆيدۈردۈڭ ھەم يىرتتىڭ مەكتۇپلىرىمنى،
ئۆزۈڭگە تەئەللۇق خاھىشىڭ بىلەن.
ئويلىسام ئاچچىققا تولىدۇ قەلبىم،
سۆزلىسەم تىلىمغا سانجىلار تىكەن.

مەن يەنە يازىمەن مەكتۇپلىرىمنى،
ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان ھەر كۈنى.
ئۆزۈڭنىڭ پۈتىدا ماڭغىنىڭدەك يول،
ئۆزۈڭنىڭ قولىدا يىرتىسەن ئۇنى.

ئەشۇنداق ئىكەنسەن، مەن ھەم مۇشۇنداق،
سەن باشقا ئادەمسەن، مەنمۇ ھەم باشقا.
ئۆزۈمگە تەئەللۇق مېنىڭ قەلبىمنى،
ئىگىلەپ ياشايسەن دائىم نېمىشقا؟!

1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاتۇش

## ئېغىر ئەمگەك

يانغان چاغدا ئېغىر ئەمگەكتىن،
قالار دۇنيا دوزاخقا ئوخشاپ.
تەبىئەت يەنە ئوخشاش تەبىئەت،
سايرار قۇشلار ئوخشاش چاڭىلداپ.

يىغلىغۇەتكۈڭ كېلەر چىلىڭ سىقىپ،
شۇ بىچارە دېھقان قولىنى.
گوياكى بىر توي كۈنىڭ ئوخشاش
سېغىنىسەن ئۆلۈم يولىنى.

يېمەي، ئىچمەي بولسىدى هايات،
ئېغىر ئەمگەك بىزگە نە كېرەك.
قورساق غېمىدە قېلىش ئادەمگە
ئېغىر كېلەر ئۇنىڭدىنمۇ بەك.

يانغان چاغدا ئېغىر ئەمگەكتىن،
قالار دۇنيا دوزاخقا ئوخشاپ.
مۈشۈك بولۇپ كەتسەمچۇ دەيسەن،
سوزۇلۇپ ياتقان مۈشۈككە قاراپ.

1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاتۇش

# پۇتۇم

پاراۋوز دەيمىكىن سېنى، شوتا ئات،
ياق، پۇتۇم سۆزلەيسەن ئادەم تىلىدا.
بىر دۇنيا دەرد ـ ئەلەم لىقلاپ يويۇلغان،
ئۇزاققا سوزۇلغان ۋاگونمەن گويا.

ھېچقانچە ئىش ئەمەس سۆرەپ، كۆتۈرۈپ،
ئېھ، ئېلىپ بارغىنىڭ مەنزىللەر تامان.
يوشۇرۇپ ساقلايسەن نامراتلىقىمنى،
بەزىدە بىر يولى قىلىسەن بايان.

ئويلايمەن بولسا دەپ بىر موتسىكلىتىم،
جىققىدە پۇل بولسا ئالسام ماشىنا.
قاتناش ساقچىلىرى بولدى زەپ ئۆكتەم،
تېخىمۇ ئەلەمگە قالارمەنمۇ ـ يا؟!

نامراتلىق ئوخشاشلا ئەلەم ئادەمگە،
ياق، ئۇندىن بىھۇدە تىل ـ دەشنام يامان.
پاراۋوز دەيمىكىن سېنى، شوتا ئات،
مېنى شۇ خورلۇقتىن ساقلىغان ئامەن.

1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاتۇش

## سەنسىز قانداق ياشاي، ئەزىزىم

سەنسىز قانداق ياشاي ئەزىزىم،
دوزاخ ئىكەن سېنىڭسىز هايات.
ياستۇقۇمدا ئۇخلا مەن بىلەن،
چۈشلىرىمنى يوقلىغىن پات ـ پات.

چۈشتە سۆيگۈ شېرىن تولىمۇ،
قورۇنماستىن سۆزلەيدۇ كۆزلەر.
ۋە قۇچىشار لەۋلەر بەخۇدلۈك،
نىزا تېرىپ يۈرمەيدۇ سۆزلەر.

سەن كەتكىلى بولدى كۆپ ئۇزاق،
يا يازمىدىڭ بىر رەت سالام خەت.
مانا بۇسى مەن مۇھەممەتجان،
مۈشكۈللەرگە ئىنتىلگەن قەۋەت.

قىزلار باردۇر، شۇنچە كۆپ قىزلار،
قاراشلىرى ئوتلۇق، بىمالال.
ئۇلار گويا ئېيتماقتا ماڭا،
سۆيگۈنۈمگە قىلمايمەن ئۇۋال.

سۆيەلمەيمەن دىلىدىن ئۇلارنى،
كېچەلمەيمەن سەندىن نېمىشقا؟

مەن ئازابقا تىلسىز- زۇۋانسىز،
يۇيالمايمەن دەردنى كۆز ياشتا.

1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاتۇش



# ھاياتتا بولسا بىر مەنە

ئىستەيمەن ھاياتتا بولسا بىر مەنا،
يا يانسا، يا ئۆچسە مېنىڭ يۇلتۇزۇم.
بەزىدە رەنجىتكەن كۆڭۈللىرىڭنىمۇ،
سېغىنىپ قالىمەن چېچى قۇندۇزۇم.

دوستۇم، سەن كۆرگەنمۇ تەنها دەرەخنى؟
يىغلىغۇڭ كەلگەنمۇ كۆرۈپ چۆل ئارا؟
نېمىشقا شائىر دەپ ئاتايسەن مېنى؟
چۆلدىكى شۇ تەنها دەرەخكە قارا.

يا تەقدىر ئۆچىقى قىلمىغان ئوتۇن،
ياكى مەن باراقسان بولمىغان ئورمان.
خۇشاللىق نېمە ئۇ؟ ھەتتا دەرد ئەلەم
سالسىمۇ قەلبىمگە بىر رەت ھاياجان.

ئېھتىمال مېنىڭمۇ قۇشلىرىم باردۇر،
قاچانلا سايرايدۇ قونۇپ غولۇمدا؟
ئاھ، ئىگەم مەن ياققان چىراغلار قېنى؟
سايىسى بولسىمۇ ماڭغان يولۇمدا.

2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاتۇش

# ئۆي تۇتۇش

كەچۈر مېنى، كىتاب ئىشكابىم،
ئەسلى كىتاب تىزارمەن دېگەن.
ئىشكاۋى سەن قاچا ـ قۇچىنىڭ،
ئىشكاۋى سەن تەخسە ھەم لىگەن.

مەن ئەمەسمۇ بىر ئەخمەق، نادان،
ماڭا نېمە زۆرۈر بىلمىگەن.
قار، شىۋىرغان، مۆلدۈر بولمىسا،
نېمە كېرەك بىزگە ئۆي دېگەن.

پەردە ئاستىم دېرىزىلەرگە،
پول ئۈستىگە سالدىم ھەم گىلەم.
توڭلاتقۇغا، تۆت تامغا قاراپ
ئايال ھەسرەت چېكەر يەنە... كەم.

قاراڭ ئاۋۇ سىرلانمىغان تامغا،
تەكچىدىكى سۈنئىي كۈللەرنى.
بىر ئىنساننىڭ ئەمگەكلىرى دەپ،
كىم نەپ ئالار، كىم سۆيەر ئۇنى؟

2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاتۇش

# زېرىكىش

تالاغا تەئەللۇق دەيمەن ئۆزۈمنى،
بىر دەريا كۆز يېشى ئالار قوينىغا.
بىر مەنا ئىزدەيمەن، قايتىمەن ئۆيگە،
زېرىكىش باسىدۇ قايتا باغرىغا.

كىم بىلدى، خىزمەتنىڭ بار نە مەنىسى،
قورساق ئاچ قالمىسا، ئۈستۈڭ يالىڭاچ.
مەيلى سەن، خىزىرمۇ ئاچتىن ئۆلەردە،
گەندىگە قولىنى سوزار بىئىلاج.

ئۆتكەن چاغ ئاھ، قۇشلار ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ،
ئېھ، ئەركى كۆزۈمدىن ئالار تامچە ياش.
نىھايەت چۆللەر چۆل، تاشلار تاش پۈتى،
غەربىي تاغ ئۈستىگە قىيسىيار قۇياش.

بىلىمەن، چەيلەنمەس گۈل يوق دۇنيادا،
ياپيېشىل ياپراق يوق بولماسقا خازان.
بىر گۈل بولالىسام ئاندىن چەيلەنسەم،
ياپيېشىل ياپراق بوپ سارغايسام، سەرسان...

2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاتۇش

# ئىشتىن چۈشتۇم

ئەسلىدە شۇ قەدەر كەڭ ئىكەن ئالەم،
ئەدەملەر قەدىردان، چەكسىز مېھرىبان.
ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە ئايلىنار ۋاقىت،
بالىمەن، شادلىقتىن يىغلاپ تاشلىغان.

مەن ئۈچۈن سايرايدۇ قۇشلار چىمەندە،
مەن ئۈچۈن نۇر تۆكەر كۆكتىن ھەم قۇياش.
ئېسىمگە كەلمەكتە بۇ يول، بۇ دەرەخ،
ئاۋۇ تام، بۇ گېزىت، ئەنە ئاۋۇ تاش...

ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئىشخانا ئىچرە،
خامۇش شۇ قىياپەت مېنىڭ ئەمەستەك.
ئايلاندىم گويا بۇ دۇنيانى نەچچە،
ئەخلەتلەر گۈل ھەتتا، ئەخلەت ئەمەستەك.

ئەنسىرەپ كەينىمگە قارايمەن پات ـ پات،
چاقىرىپ قالاردەك بىردىن باشلىقىم.
قاراقچى قوقۇتۇپ بولىغان پۇلدەك،
قىسمەتتە ئايانسەن، ئېسىت ياشلىقىم!

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاتۇش

## قۇشلار نەگە باراتتى، بالام

قۇشلار نەگە باراتتى بالام،
بارار ئۇلار يىراق يەرلەرگە.
بارار تاغقا، چەكسىز ئورمانغا،
بارار ھەتتا يات شۇ ئەللەرگە.

سەنمۇ بىر قۇش، باققىن كۆك تامان،
سەنمۇ بىر قۇش قوزغاتقۇچى زوق.
(سايراشلىرى قانداق بىمالال،
پەرۋازدىدۇر، ئەجەب كۆڭلى توق.)

ئەل كەزمىسەڭ كۆزۈڭ ئېچىلماس،
تاۋلىنىسەن چىقساڭ سەپەرگە.
چىمەنلەردىن ئۈزۈپ كەل گۈللەر،
ئاتاڭ تەشنا يېڭى زەپەرگە.

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاتۇش



本书收录作者近年以来的精选诗作。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر

# مەجنۇن ناخشىسى

( شېئىرلار )

ئاپتورى : مۇھەممەتجان سەيدۇللا

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 4100

---

ISBN7 — 5373 — 1367 —9
باھاسى: 10.00 يۈەن

ئۈرۈمچى ئوردا كىتابچىلىق
كەسپىي تەرەققىيات شىركىتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-1367-9

9 787537 313674 >

ISBN7-5373-1367-9
（民文）定价：10.00 元